
1
مەملىكەتلىك
سۆزىدىن ئېلىندى)

⇦ بايىنغولىن ئوبلاستلىق بايىنبۇلاق 1 - ترانسپورت شىركىتى 1 - ئەترىتىنىڭ شوپۇرى، كومپارتىيە ئەزاسى ئالىم ئوسمان سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا تۆھپە قوشۇشنى شەرەپ دەپ بىلىپ، جاپالىق ئىشلەپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى يىلمۇ يىل ئاشۇرۇپ ئورۇنلاپ، بەش يىلدا دۆلەتكە 70 مىڭ يۈەن پايدا تاپشۇرۇپ، 3590 كىلوگرام ماي تېجەپ بېرىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە «ئەمگەك ئەمۇنچىسى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى.

ئاڭ مەيجى خەۋىرى ۋە فوتوسى





⇦ لوپنۇر ناھىيىلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتىنىڭ مەسئۇلى، كومپارتىيە ئەزاسى ئارسلان قادىر مال دوختۇرلۇق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، ئاساسىي قاتلاملارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئىجتىھاتچانلىق روھىنى تۇرغۇزۇپ، جاپالىق ئىشلەپ، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشۇپ، 1988 - يىلى ئوبلاست بويىچە مۇنەۋۋەر كەسپىي تېخنىكا خادىمى بولۇپ باھالاندى.

پەرھات مۇھەممەتھوشۇرى خەۋىرى ۋە فوتوسى

⇦ يەكەندە تۇرۇشلۇق مەلۇم قىسىم
ئۆتكەن يىل 9 - ئايغىچە، 9000 يۈەندىن
ئارتۇق مەبلەغ، 160 كوماندىر - جەڭچىنى
اجىرىتىپ، ماتېرىيال توشۇپ، تۇرۇبا يولى
ۆكەن، قەشقەر يېڭىشەھەر قانارلىق
ناھىيىسىنىڭ سۇ تۇرۇبىسى يوق
ئۈچ دانە خەلقنى سۈزۈك سۇ
، ئورۇنلىتىپ بېرىپ، ئاممىنىڭ
شىغا ئېرىشتى.
ى جىڭگۇاڭ خەۋىرى ۋە فوتوسى



# پارتىيىمىز يولغا قويغان دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان بىردىنبىر توغرا دىنىي سىياسەت

مەركىزىي كومىتېت مۇنداق دەپ ھېسابلايدۇ: دىنىي مەسىلە مىليونلىغان ئاممىغا چېتىلىدىغان چوڭ مەسىلە، دىنىي مەسىلىنى توغرا ھەل قىلىش دۆلەتنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، سوتسىيالىستىك «ئىككى مەدەنىيەت» قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ۋە ھۆكۈمەتلەر دىنىي خىزمەتنى كۈندىلىك ئىشلار كۈن تەرتىپىگە كىرگۈزۈشى، دىنىي سىياسەتنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى قەرەللىك تۈردە تەكشۈرۈپ، ساقلانغان مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلىشى لازىم. پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارغا ماركسىزملىق دىن قارىشى ۋە پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتى توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىش لازىم. پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلىرى باشلامچىلىق بىلەن ياخشى ئۆگىنىپ، پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى ئىجرا قىلىشنىڭ ئەمۇنىلىرىدىن بولۇشى كېرەك. خەلق ئاممىسىغا، بولۇپمۇ ياش ئۆسمۈرلەرگە ئىلمىي دۇنيا قاراش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنى غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان يېڭى ئادەم قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىش لازىم.

ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، پارتىيىمىز يولغا قويغان دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان بىردىنبىر توغرا دىنىي سىياسەت، شۇڭا، ئۇ خەلق ئاممىسىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتى. بىزنىڭ بۇ سىياسەتنى ئۆزگەرتىشكە ئاساسىمىز يوق، بەلكى بۇ سىياسەتنى داۋاملىق قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىل ئىجرا قىلىشىمىز لازىم. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىكى دىنىي ساھەدىكى زاتلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەپ، ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ، ئۇلار بىلەن دوست بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاكتىپ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى لازىم. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ۋە ھۆكۈمەتلەر دىنىي خىزمەت كادىرلىرى قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇلارنىڭ سىياسەت سەۋىيىسى ۋە كەسپىي ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشى؛ ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ كۈچىنى ماسلاشتۇرۇپ، دىنىي خىزمەتنى بىرلىكتە ياخشى ئىشلىشى لازىم.

(جياڭ زېمىننىڭ مەملىكەتلىك دىنىي خىزمەت يىغىنىغا قاتناشقان ۋەكىللەر بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگەندە سۆزلىگەن سۆزىدىن ئېلىندى)

ياچېيكا تۇرمۇشى (ئايلىق ژۇرنال) 1991 - يىل 1 - سان



ج ك پ ش ئۇ ئا ر كومىتېتى تەشكىلات، تەشۋىقات بۆلۈملىرىنىڭ باشچىلىقىدا نەشر قىلىندى.
ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، موڭغۇل تىللىرىدا نەشر قىلىندۇ.
ھەر ئاينىڭ 12 - كۈنى نەشردىن چىقىدۇ.


| | |
|---|---|
| مۇھىم ھۆججەت مۇھىم ئىشلار | ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەنىنىڭ 1991 - يىللىق يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا خىزمىتى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى ........................ 4<br>رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ قورۇلۇشىنى كۈچەيتىش — پارتىيە قورۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ ئاچقۇچى ........................ جاڭ قۇسىن 11 |
| ئىزدىنىش ۋە مۇھاكىمە | ماركسىزمنىڭ ئىككى خىل ئىشلەپچىقىرىش توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە بولغان يېتەكچىلىك ئەھمىيىتى توغرىسىدا ......... ر. يۈسۈپ 12 |
| ئىسلاھات ئۇچقۇرلىرى | كارخانا ھۆددىگەرلىك تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ بىر قانچە يېڭى شەكلى ........................................ دۇڭ خىگيۇ 15 |
| ئاساسىي قاتلام پارتىيە قورۇلۇشى | خانتېرەك كەنت پارتىيە ياچېيكىسى تۇپلاڭنى تىنچىتىش كۈرىشىدە كۆرۈنەرلىك خىزمەت كۆرسەتتى ........................ س. ئابلەت، ئى. ۋارىس 20 |
| تەشۋىقاتچى | «دېھقانچىلىق — چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى پارتىيە تەشكىلاتى بادرو قىلىنغان ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار قورۇلۇشىنى كۈچەيتىش» توغرىسىدا تەشۋىقات ماتېرىيالى ............ 21 |
| گۈل ۋە تىكەن | بىرنىڭ بېشىغا كۈن چۈشسە، ھەممە ئادەم ئۇنىڭ غېمىنى يېيىش (ئۈچ پارچە) ......... 34 |

ئومۇمىي 323 ـ سان

«ياچىيكا تۇرمۇشى» رېداكسىيىسى
نەشر قىلدى

- شىنجاڭ گېزىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى؛
- مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن ژۇرناللار نومۇرى CN 65—1003/Z
- مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا مۇشتىرى قوبۇل قىلىنىدۇ؛
- ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ؛
- ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى ساغلام يولى 2 ـ قورو؛
- تېلېفون: باش ئاپپارات 217524، 217532 تارقىلىش 698، 829؛
- ۋەكالەت نومۇرى: 42 — 58؛ باھاسى 0.50 يۈەن؛ پوچتا نومۇرى: 830003



| | |
|---|---|
| خەت ساندۇقى | ئادەتتىكى پارتىيە ئەزاسىنى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ كۈندىلىك خىزمەتلىرىگە ۋاقتىلىق مەسئۇل قىلىش ئۇسۇلى توغرىمۇ؟ (ئوت پارچە) …… 36 |
| پاكلىق قورۇلۇشى | پاك ۋە مەسئۇلىيەتچان ئەپەندى …… ئى. ساتتار 39 |
| مۇھاكىمە مۇنبىرى | ئوت ئاساسىي پرىنسىپ — مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئاساسى …… ت. سىدىق 40 |
| تەرمىلەر | جىياڭ زېمىن ئاممىدىن كەلگەن خەت ـ چەكلەرنى ۋاقتىدا ئەستايىدىل بىر تەرەپ قىلدى (11 پارچە) …… 44 |
| ئىنتىلگۈچىلەر كۆلۈبى | پارتىيە ئەزالىرىنىڭ مەجبۇرىيىتى ۋە ھوقۇقى بىر كومپارتىيە ئەزاسى بولۇشنىڭ كونكرېت تولۇقلىمىسى …… 48 |
| ئىبرەت بولسۇن | «ئالتۇن تاپار ئەۋلىيا»نىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى …… ئا. توختى 51 |
| دۇنياغا نەزەر | يۇگوسلاۋىيە كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى پارچىلىنىشقا دۇچ كەلمەكتە …… ۋاڭ پىڭ 54 |
| بوغدا | ماۋ زېدۇڭ ۋە ئۇنىڭ كاتىپى تيەن جيايىڭ …… پاڭ شيەنجى 57 |
| ئەينەك | ھەجۋىي رەسىملەر …… 64 |


بۇ ساندىكى بەت بېشى، قىستۇرما رەسىملەرنى مەھەممەت ئايۇپ، سالام ئابدۇراخمانلار سىزغان

# ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ 1991 - يىللىق يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا خىزمىتى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى

دۆلىتىمىزنىڭ بۇ يىللىق يېزا ئىگىلىك ۋەزىيىتى ۋە يېزا ۋەزىيىتى ناھايىتى ياخشى بولدى. بۇلتۇر مول ھوسۇل ئېلىنغان ئاساستا ئاشلىقتا يەنە يېڭى رېكورت يارىتىلدى، ياغلىق دان، شېكەر ماتېرىياللىرى ئومۇمىي مەھسۇلاتى بۇلتۇرقىدىن 10 پىرسەنتتىن كۆپرەك ئاشتى، پاختا ئىشلەپچىقىرىشى تۆۋەنلەپ كېتىش ۋەزىيىتى ئوڭشىۋېلىندى، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ، بېلىقچىلىق ۋەزىيىتى خېلى ياخشى بولدى، يېزا - بازار كارخانىلىرى تۈزەش، ياخشىلاش داۋامىدا داۋاملىق راۋاجلانماقتا. ئەمەلىيەت دۆلىتىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە يوشۇرۇن كۈچىنىڭ ناھايىتى زور ئىكەنلىكىنى، پۈتۈن پارتىيە ئەھمىيەت بەرسە، سىياسەت توغرا بولسا، پەن - تېخنىكىغا تايانساق، سەرمايىنى كۆپەيتسەك، دېھقانلار ۋە ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرساق، يېزا ئىقتىسادىنى داۋاملىق، مۇقىم، ماسلاشقان ھالدا راۋاجلاندۇرۇشقا تامامەن شارائىتىمىز بار ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

يېزا ئىگىلىكىدىن مول ھوسۇل ئالغانلىقىمىز — مەملىكەت بويىچە يۇقىرى بىلەن تۆۋەننىڭ، ھەر ساھە، ھەر كەسىپتىكىلەرنىڭ پارتىيىنىڭ يېزا سىياسىتىنى قەتئىي ئىجرا قىلىپ، يېزا ئىگىلىكىگە ئەھمىيەت بەرگەنلىكى، ياردەم بەرگەنلىكى ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، بۇنىڭدا ھاۋا كىلىماتىنىڭ بىر قەدەر ياخشى بولغانلىقىمۇ مۇھىم بىر ئامىل. بىز تارىخىي تەجرىبە - ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىشىمىز، بىر - ئىككى يىل مول ھوسۇل ئالغانلىقىمىز بىلەنلا قارىغۇلارچە خۇشاللىنىپ كەتمەسلىكىمىز لازىم. شۇنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى، دۆلىتىمىز يېزا ئىگىلىكىنىڭ ماددىي، تېخنىكا ئاساسى يەنىلا ناھايىتى ئاجىز، تەبىئىي ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى تېخى كۈچلۈك ئەمەس، يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ تاشقى مۇھىتى تېخى بەك ياخشىلىنىپ كەتمىدى، نوپۇس يەنە كۆپىيىۋاتىدۇ، تېرىلغۇ يەر ئازىيىۋاتىدۇ، ئاشلىق، پاختا قاتارلىق ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىدا تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياج ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت تولۇق ھەل بولمىدى. بىر قىسىم نامرات رايونلاردىكى دېھقانلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك مەسىلىسى تېخى ھەل بولۇپ كەتمىدى، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ۋە يېزا ئىقتىسادىي دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەر يەنىلا ناھايىتى گەۋدىلىك بولماقتا. شۇڭا، يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا خىزمىتىنى كۈچەيتىشكىلا بولىدۇكى، ئاجىزلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ. تۆۋەنتە، يېزىلاردا يۈز بەرگەن يېڭى ئەھۋال ۋە يېڭى مەسىلىلەرگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنى كۆڭۈل قويۇپ تەتقىق قىلىپ: تىرىشىپ ھەل قىلىش لازىم.

1991 - يىلى — 8 - بەش يىللىق پىلاننىڭ تۇنجى يىلى. يېزا ئىگىلىكىدىن تىرىشىپ مول ھوسۇل ئېلىپ، يېزا ئىقتىسادىنىڭ مۇقىم ئېشىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، يېزىلارنىڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇش پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتتا 2 - قەدەمدىكى ستراتېگىيىلىك نىشانغا يېتىشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. دۆلىتىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكى ناھايىتى زور دەرىجىدە يەنىلا تەبىئىي شارائىتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدىغان بولغانلىقتىن، يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان قىيىنچىلىققا تولۇق تەييارلىق كۆرۈپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش پىلانىنى تۈزگەندە ئىمكانىيەت قالدۇرۇش لازىم. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ۋە ھۆكۈمەتلەر يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا خىزمىتىنى داۋاملىق بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، تۆۋەندىكى بىر قانچە تۈرلۈك خىزمەتنى ئەستايىدىل ياخشى تۇتۇشى لازىم:

# 1. مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش ئاساس قىلىنغان مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، يېزا ئىگىلىك ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش

يېزا ئىسلاھاتىدا مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش ئاساس قىلىنغان مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق بىر تۇتاش باشقۇرۇش بىلەن تارقاق باشقۇرۇش بىرلەشتۈرۈلگەن قوش قاتلاملىق ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئورنىتىلىپ، كوللېكتىپ ئىگىلىكتە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى سەۋىيىسىگە ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىگىلىك باشقۇرۇش شەكلى ۋۇجۇدقا چىقىرىلدى. مۇنداق ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى كەڭ دائىرىدە ماسلىشىشچانلىقىغا ۋە جۇشقۇن ھاياتىي كۈچكە ئىگە. ئۇنى چوقۇم يېزىلاردىكى ئۇل تۈزۈم سۈپىتىدە ئۇزاق مۇددەتكىچە مۇقىملاشتۇرۇش ۋە ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. مۇقىملاشتۇرۇش — مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ ئاساسى، مۇكەممەللەشتۈرۈش دېگەنلىك مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىشنى ئۆزگەرتىش دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى يولغا قويۇش جەريانىدا ساقلانغان مەسىلىلەرنى مۇۋاپىق ھەل قىلىش دېگەنلىك.

يەرنى ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمىنى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. شەكىللەنگەن يەرنى ھۆددىگە بېرىش مۇناسىۋىتىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش، ھۆددىگە بېرىش چارىسى ئاساسىي جەھەتتىن مۇۋاپىق بولغان، ئاممىا ئاساسىي جەھەتتىن رازى بولغان بولسىلا، ئۇنى ئۆزگەرتمەسلىك لازىم. ھۆددىگە بېرىلگەن يەر بەك تارقاق بولۇپ تېرىشقا ئەپسىز بولسا، سان - سۈپىتى ئاساسىي جەھەتتىن تەڭ بولۇش پرىنسىپى بويىچە مۇۋاپىق تەڭشەشكە بولىدۇ. ئاساسىي قورۇلۇشقا يەر ئىشلىتىش، نوپۇستا ئۆزگىرىش بولۇش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يەر تەڭشەشكە توغرا كەلگەندىمۇ، پرىنسىپنى قاتتىق ئىگىلەش لازىم. يېزا ئىگىلىكىدە مۇۋاپىق كۆلەملىك ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش شارائىتى ھەقىقەتەن ھازىرلانغان ئاز ساندىكى جايلار ئاممىنىڭ ئارزۇسىغا ئاساسەن، ئۆز جايىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ مۇۋاپىق تەڭشىسە بولىدۇ، لېكىن شارائىت بىلەن ھېسابلاشماي مەجبۇرى يولغا قويۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ. مەيلى قانداق ھۆددىگە بېرىش شەكلى قوللىنىلسۇن، ھەممىسىدە دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە شەخستىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم. ھۆددىگەرلىك توختامىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئارقىلىق، ھۆددىگە ئالغۇچىلارنىڭ دۆلەت ۋە كوللېكتىپقا ئاشلىق پۇلى تاپشۇرۇش قاتارلىق مەجبۇرىيەتلىرىنى يەرنى ھۆددىگە ئېلىش ھوقۇقى بىلەن بىرلەشتۈرۈش، ھۆددىگە بەرگۈچى تەرەپنىڭ ھۆددىگە ئالغۇچىلارنى ھەر خىل مۇلازىمەت بىلەن تەمىن ئېتىش مەجبۇرىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، كوللېكتىپنىڭ بىر تۇتاش باشقۇرۇشنىڭ ئەۋزەللىكىنى دېھقانلارنىڭ تارقاق ئىگىلىك باشقۇرۇش ئاكتىپلىقى بىلەن بىرلەشتۈرۈش لازىم. تېرىلغۇ يەرنى باشقا ئىشلارغا ئىشلەتمەسلىككە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. يېزىلاردا ئۆي سالغاندا، ئاساسىي جەھەتتىن ئەسلىدىكى ئورنىنى ئاساس قىلىش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىپ تېرىلغۇ يەرنى ئىگىلەشنى قاتتىق تىزگىنلەش لازىم.

يېزا ئىگىلىكىدە ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت سىستېمىسىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش لازىم. يېزا ئىگىلىك ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت سىستېمىسى ھەمكارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلاتلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مۇلازىمەتنى، دۆلەت ئىقتىساد - تېخنىكا تارماقلىرىنىڭ ۋە باشقا ھەر خىل مۇلازىمەت خاراكتېرىدىكى ئىقتىسادىي گەۋدىلەرنىڭ يېزا ئىگىلىكنى تەمىنلەيدىغان مۇلازىمىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر، بولۇپمۇ ناھىيە، يېزىلار يېزا ئىگىلىك ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت سىستېمىسىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ئالاقىدار تەشكىلىي خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشى، ئېھتىياج ۋە ئىمكانىيەتكە

ئاساسەن، ئۆز جايىدىكى ھەر خىل مۇلازىمەت تەشكىلاتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىلگىرىكى، ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدىكى ۋە ئىشلەپچىقىرىشتىن كېيىنكى مۇلازىمەتتە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ياردەم بېرىشى، ھەيدەكچىلىك قىلىشى ۋە يېتەكچىلىك قىلىشى لازىم. ھەمكارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلاتلىرىنىڭ دېھقانلار جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان مۇلازىمەت تۈرلىرىنى يولغا قويۇشقا پائال ياردەم بېرىشى ھەمدە كوللېكتىپ ئىقتىسادىي كۈچىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ مۇلازىمەت مەزمۇنىنى پەيدىنپەي كېڭەيتىپ، ئۇلارنىڭ ئىچكى جەھەتتە دېھقان ئائىللىرى بىلەن بىرلىشىش، تاشقى جەھەتتە دۆلەتنىڭ ئىقتىساد ـ تېخنىكا تارماقلىرى ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر خىل مۇلازىمەت تەشكىلاتلىرى بىلەن بىرلىشىشتىكى ۋاستىلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇش لازىم. دۆلەت ئىقتىساد ـ تېخنىكا تارماقلىرىنىڭ مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى تېخنىكا، مەبلەغ، ماددىي ئەشيا، ئۇچۇر ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش، مەھسۇلاتنى سېتىش قاتارلىق مەزمۇنلارنى چۆرىدىگەن ھالدا كۈچەيتىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىشى لازىم. باشقا ھەر خىل مۇلازىمەت خاراكتېرىدىكى ئىقتىسادىي گەۋدىلەرنى ئوخشاش بولمىغان شەكىللەر ئارقىلىق ئايرىم ـ ئايرىم بىر قانچە ھەمكارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلاتى ياكى بىر قانچە دېھقان ئائىلىسى بىلەن مۇناسىۋەت باغلاپ، دېھقانلارنى مەخسۇس تۈر بويىچە مۇلازىمەت ياكى سىستېمىلاشقان مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەشكە تەشكىللىك ھالدا يېتەكلەش لازىم.

كوللېكتىپ ئىگىلىكىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشقا، كوللېكتىپنىڭ ئۆز جۇغلانمىسىغا تايىنىپ زورايتىش، بولۇپمۇ يېڭى بايلىق مەنبەلىرىنى ۋە يېڭى ئىشلەپچىقىرىش يوللىرىنى ئېچىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. بۇ بىر تەدرىجىي ئىلگىرىلەش جەريانى. جايلار ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، ئەھۋالنى پەرقلەندۈرۈپ، تۈرلەرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىشى، ھەرگىز ھە ـ ھۇ بىلەنلا ئىشنى پۈتتۈرۈشكە ئالدىراپ كەتمەسلىكى كېرەك. «بىرىنچىدىن، تەگمەش، ئىككىنچىدىن، يۆتكەش» نىڭ كۆرۈلۈشىدىن تېخىمۇ ساقلىنىش كېرەك. كوللېكتىپ ئىگىلىكىنىڭ ئەمەلىي كۈچى ئاجىز بولغان يېزا ـ كەنتلەرنىڭ ئىش باشلاش مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىش، مۇھىمى، ئۇلارنىڭ يەر ۋە كوللېكتىپ مۈلۈكىنى ياخشى باشقۇرۇشىغا، كوللېكتىپقا قالدۇرۇلغان نىسبەتنى بەلگىلىمە بويىچە ئەستايىدىل يىغىپ، كۆپ خىل ئىگىلىك ۋە يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنى پەيدىنپەي راۋاجلاندۇرۇپ، كۆپ خىل يول ئارقىلىق ئۆزىنى ئۆزى راۋاجلاندۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىشكە ياردەم بېرىش كېرەك. شەرت ـ شارائىتى بار جايلار مەخسۇس فوند تەسىس قىلىش، بىر ـ بىرىگە چېتىپ ياردەم بېرىشكە تۈيۈشتۈرۈش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ مەدەت بەرسىمۇ بولىدۇ. يېزا ـ بازار كارخانىلىرى — يېزا ئىقتىسادىنىڭ مۇھىم تۈۋرۈكى، ئۇنىڭغا داۋاملىق مەدەت بېرىپ ۋە ئۇنى داۋاملىق يېتەكلەپ، ساغلام راۋاجلاندۇرۇش كېرەك.

كوللېكتىپ ئىگىلىك ئاساسىي گەۋدە بولغان كۆپ خىل ئىگىلىك تەركىبى تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش فاكجىبىندا داۋاملىق چىڭ تۇرۇش كېرەك. تىرىشچانلىق، باقمىچىلىق كەسپىي ئائىللىرى ۋە يەككە سودا ـ سانائەتچىلەرنىڭ قانۇنلۇق تىجارىتىنى قوغداش كېرەك. خۇسۇسىي كارخانىلارغا بولغان يېتەكچىلىك، نازارەت، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، ئارتۇقچىلىقلىرىنى جارى قىلدۇرۇش، يامان ئىللەتلىرىنى چەكلەش ھەم ئۇلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداش كېرەك.

## 2. ئېتىز ـ ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىنى قەتئىي بوشاشماي ياخشى تۇتۇش

بۇ يىل ئېلىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكىدىن ئومۇميۈزلۈك مول ھوسۇل ئېلىنغانلىقى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئېتىز ـ ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىنى بىر قەدەر ئۈنۈملۈك ئېلىپ بارغانلىقىمىزدىن ئايرىلمايدۇ. جايلار مەملىكەتلىك ئېتىز ـ ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى يىغىنىنىڭ روھى بويىچە ئېلىمىزنىڭ يېزا ئەمگەك كۈچلىرى بايلىقى ئۈستۈنلۈكىنى تولۇق

جارى قىلدۇرۇپ، بۇ يىل قىش، كېلەر يىلى ئەتىيازلىق دېھقانچىلىقنىڭ ئارىسال مەۋسۇمىدىن پايدىلىنىپ، كەڭ سەپەرۋەر قىلىپ، كۆلەم ھاسىل قىلىپ، بۇ خىزمەتنى پۇختا قانات يايدۇرۇش كېرەك.

خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ۋە ئاساسلىق مالىيە كۈچى، ئادەم كۈچىنى ھازىر بار قۇرۇلۇشلارنى ئاسراش، يۇرۇشلەشتۈرۈش، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىپ قۇرۇشقا قارىتىپ، سۇ قۇرۇلۇشىنىڭ كونىراپ كېتىش، رېمونتسىز قېلىش مەسىلىسىنى قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ياخشى ھەل قىلىپ، ھازىر بار قۇرۇلۇشلارنىڭ ئۈنۈمىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم، شۇنىڭ بىلەن بىللە، بەزى جىددىي ئېھتىياجلىق يېڭى قۇرۇلۇشلارنىمۇ قۇرۇلاشتۇرۇپ، تەبىئىي ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش كېرەك.

ئوتتۇراھال تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىزلارنى تېز ئۆزگەرتىش كېرەك. تاغلىق رايونلاردا تەكشى پەلەمپەي ئېتىزلارنى بەرپا قىلىش، كىچىك ئېقىنلارنى تىزگىنلەپ، سۇ، تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. تۈزلەڭلەردە ئاساسەن، يەرنى تۈزلەش، ئېتىز - ئېرىق قۇرۇلۇشىنى ياخشى يۈرۈشلەشتۈرۈش كېرەك. ھۆلچىلىك ئاپىتىگە ئاسان ئۇچرايدىغان ئويمان رايونلاردا ئاسان زەي قاچۇرۇش، شور يۇقتىشنى ئويدان ئىشلەش، زەي سۇ چىقىرىش، سۇغىرىش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. قۇرۇلۇش تەدبىرلىرى بىلەن بىئولوگىيىلىك تەدبىرلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىشنى داۋاملىق ياخشى تۇتۇش، ئېرىقچىلىق تۈزۈمىنى ياخشىلاش كېرەك. جايلار ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن، ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش پىلانلىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، تۈرلۈك، قەدەم - باسقۇچلۇق ھالدا يولغا قويۇش كېرەك.

ئېتىز - ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىشتا ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈشنى ئاساس قىلىش، دۆلەت ياردىمىنى قوشۇمچە قىلىش پرىنسىپى بويىچە دۆلەت، يەرلىك، كوللېكتىپ ۋە دېھقانلار بىرلىكتە ئاتلىنىش، كۆپ قانال، كۆپ خىل يوللار بىلەن قۇرۇلۇش مەبلىغى يىغىش كېرەك. دۆلەت مەبلىغىنى ئاساسەن چوڭ - چوڭ دەريالارنى تىزگىنلەشكە ۋە بىر قىسىم مۇقىملىق سۇ قۇرۇلۇشلىرىغا ئىشلىتىش كېرەك. كىچىك تىپتىكى ئېتىز - ئېرىق قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشتا، ئاساسەن، كوللېكتىپقا ۋە دېھقانلارغا، بولۇپمۇ دېھقانلارنىڭ ئەمگەك جۇغلانمىسىغا تايىنىش كېرەك. ئېتىز - ئېرىق قۇرۇلۇشىغا ئەمگەك كۈچى جۇغلاش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، «كىم مەنپەئەتلەنسە، سېلىقنى شۇ ئۈستىگە ئېلىش» فاكجىبىنى ۋە ئېھتىياج، ئىختىيارىلىق، مادارىغا قاراش، ئەمەلىي ئۈنۈمى بولۇش، ئۆز ئارا ياردەملىشىش، بىر - بىرىگە پايدا يەتكۈزۈش پرىنسىپىنى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ ئېتىز - ئېرىق قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش ئاكتىپلىقىنى تولۇق قوزغاش كېرەك.

ئېتىز - ئېرىق قۇرۇلۇشىدا خەلق كۈچىنى ئىنتايىن قەدىرلەش، ئىلمىي پىلانلاش، كۆلەم قويۇپ قۇرۇلۇش قىلىش، سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىش، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇشنى مەقسەت قىلىش كېرەك، شەكلۋازلىق قىلىشقا بولمايدۇ.

## 3. يېزا ئىگىلىكنى ئومۇميۈزلۈك ئېچىشنى پۇختا تۇتۇشتۇرۇش

ئېلىمىزنىڭ ئاھالىسى كۆپ، ھازىر پايدىلىنىۋاتقان يېزا ئىگىلىك بايلىق مەنبەسى كەمچىل، شۇڭا يېزا ئىگىلىكنى ئومۇميۈزلۈك ئېچىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، بۇ ئىشنى ياخشى تۇتۇش كېرەك. ئوتتۇراھال، تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىزلارنى ئۆزگەرتىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، بېلىقچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشقا ماس كېلىدىغان تاشلىنىپ ياتقان يەر، تاغ، بەل، ساي ۋە سۇلارنى ئېچىپ، پايدىلىنىشلى بولىدىغان يېڭى بايلىق مەنبەلىرىنى كېڭەيتىش كېرەك. يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەدبىر قوللىنىپ، تېرىلغۇ يەر ۋە يېزا ئىگىلىك بايلىق مەنبەلىرىنى قوغداش كېرەك.

يېزا ئىگىلىكنى ئومۇميۈزلۈك ئېچىشتا تۆۋەندىكى يېتەكچى ئىدىيە ۋە فاكجىبن، سىياسەتلەرنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش لازىم. ئاشلىق، پاختا، ياغلىق دان ھوسۇلى ۋە گۆشنى ئاشۇرۇشنى مەركەز قىلىپ، دېھقانچىلىق،

ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ، بېلىقچىلىقنى ئومۇميۈزلۈك راۋاجلاندۇرۇش، «تاغ، سۇ، ئورمان، ئېتىز، يول»نى ئومۇميۈزلۈك ياخشىلاپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈم، ئىجتىمائىي ئۈنۈم، ئېكولوگىيىلىك ئۈنۈمنى زىچ بىرلەشتۈرۈش، يېڭى ئېچىلغان بايلىق مەنبەلىرىدە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە كۆلەم ئىگىلىكىنى بولغا قويۇش؛ ئېچىشنى، باشقۇرۇشنى، پەن - تېخنىكىنى ھۆددىگە بېرىش قاتارلىق مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرىنى بولغا قويۇپ، ئىلھاملاندۇرۇش سىياسىتىنى تۈزۈپ چىقىپ، دېھقانلار ۋە پەن - تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ئېچىشقا قاتنىشىش ئاكتىپلىقىنى قوزغاش؛ رايونلارنى ئېچىشتا بىر تۇتاش قىلىش، بىر تۇتاش پىلانلاش، بىر تۇتاش قۇرۇلۇش قىلىش، يۇقىرى ئۈلچەمدە چىڭ تۇرۇش.

يېزا ئىگىلىكىنى ئومۇميۈزلۈك ئېچىش كۆپ تارماق، كۆپ ئىلمگە بېرىپ تاقىلىدۇ. ھەر قايسى تەرەپلەر زىچ ماسلىشىشى، ئاكتىپ قاتنىشىشى، ئېچىش نىشانىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى لازىم.

يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا ۋە يېزا ئىگىلىكىنى ئومۇميۈزلۈك ئېچىشقا ئىشلىتىلىدىغان ھەر دەرىجىلىك مەبلەغنى يىلمۇ يىل كۆپەيتىش كېرەك. يېزا ئىگىلىككە ئىشلىتىلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بىلەن تەمىنلەشنى كۆپەيتىش، سېتىش باھاسىنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىم بولۇشىنى ساقلاش كېرەك. پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ يېزا ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈشنى داۋاملىق ياخشى تۇتۇپ، پەن - تېخنىكا جەھەتتە يېتىشتۈرۈشنى قانات يايدۇرۇپ، ياخشى سورتلارنى كېڭەيتىش، ئىلغار تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق تېخنىكىسى ۋە باشقۇرۇش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، تەتبىقلاپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش لازىم.

## 4. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى تۈرلۈك چارىلەر بىلەن ھەل قىلىش

جايلار، تارماقلار تەڭ كۈچ چىقىرىپ ۋە ھەمكارلىشىپ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش - سېتىشنى تۈرلۈك چارىلەرنى قوللىنىپ كېڭەيتىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، دېھقانلارنى مەھسۇلات ئاشقاندا كىرىمى ئېشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىنى قوزغاش كېرەك.

مەركەز مەخسۇس ئاشلىق زاپىسى ساقلىغاندىن باشقا، يەرلىكمۇ زاپاس ئاشلىق ساقلاش، دەرىجىمۇ دەرىجە ئاشلىق ساقلاش تۈزۈمىنى ئورنىتىش كېرەك. دۆلەت قوغداش باھاسى بويىچە كەڭ كۆلەمدە سېتىۋېلىپ، دېھقانلارنىڭ ئېشىنىغان ئاشلىقلىرىنى سېتىش تەلىپىنى قاندۇرۇش كېرەك. كوللېكتىپ ۋە دېھقان ئائىلىلىرىمۇ ھوسۇل كەملىگەن يىللارنى مول ھوسۇل ئالغان يىل ئارقىلىق تولۇقلاشنى نەزەردە تۇتۇپ، مەلۇم مىقداردا ئاشلىق ساقلىشى كېرەك.

دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا ۋە تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ ئاساسىي ۋاسىتىلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش بىلەن بىللە، يېزا - بازار كوللېكتىپ سودا تەشكىلاتلىرى ۋە يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش، ھەر خىل بىرلەشمە تەشكىلاتلار شەكىللەندۈرگەن ئىشلەپچىقىرىش، تەمىنلەش، سېتىش مۇناسىۋىتىنى قوغداش كېرەك. ئومۇمەن بازار ئارقىلىق تەڭشەشكە قويۇپ بېرىلگەن مەھسۇلاتلار بىلەن ئۇلارنىڭ تىجارەت قىلىشىغا رۇخسەت قىلىش كېرەك؛ بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ يېڭى تاۋارلار ۋە ئاز مىقدارلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا ئىلھام بېرىش ۋە مەدەت بېرىش كېرەك.

ھەر دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش ئورۇنلىرى ۋاقتىدا سېتىۋېلىشى، ۋاقتىدا ھېسابات قىلىشى، پۇلنى نەق بېرىشى لازىم. ئاق ھۆججەت بېرىشكە بولمايدۇ. دۆلەت سېتىۋېلىشقا ئورۇنلاشتۇرغان مەبلەغقە بانكا، مالىيە تارماقلىرى كاپالەتلىك قىلىپ ۋاقتىدا تەمىنلەشتۈرۈشى كېرەك.

يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئوبوروت يوللىرىنىڭ راۋان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئوبوروت تەرتىپىنى

ئەستايىدىل تەرتىپكە سېلىپ، قالايمىقان ئورۇۋالغان چارىلارنى، قانۇنسىز جەرىمانە ۋە ئورۇنسىز ھەقلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، رايونلارنى قامال قىلىش، بازارنى بۆلۈۋېلىشتەك قىلمىشلارنى تۈزىتىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى نورمال سېتىۋېلىپ ـ سېتىش پائالىيىتىنى قوغداپ، مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش بازارنى راۋاجلاندۇرۇش كېرەك.

## 5. سوتسىيالىستىك ئىدىيىۋى تەربىيىنى قانات يايدۇرۇش

بۇلتۇر قىشتىن بۇيان بەزى جايلار يېزىلاردىكى ئىسلاھات ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش ھەم ئامما ئومۇمىيۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەرنى چۆرىدىگەن ھالدا سوتسىيالىستىك ئىدىيىۋى تەربىيىنى قانات يايدۇرۇپ، ناھايىتى ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. جايلار سوتسىيالىستىك ئىدىيىۋى تەربىيىنى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى قىلىپ، بۇ يىل قىشتىن باشلاپ ئىككى ـ ئۈچ يىلغىچە يېزىلاردا بۇ خىزمەتنى مۇددەت، ئوركومگە بۆلۈپ ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇشى كېرەك.

يېزىلاردىكى سوتسىيالىستىك ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتىدە، ئاساسلىقى، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى، ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىپىزملىقنى ۋە سوتسىيالىزمنى چوڭقۇر تەشۋىق قىلىش كېرەك. مۇھىم ئۇقتىنى پارتىيە ئەزالىرىغا سوتسىيالىستىك ئېتىقادىنى قەتئىيلەشتۈرۈپ، ئاممىنى ئۆز كۆزىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىپ، تىرىشىپ ئىشلەپ بېيىش، ئورتاق بېيىش يولىغا مېڭىشقا يېتەكلەش توغرىسىدا تەربىيە بېرىشكە، ئاممىغا مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش ئاساس قىلىنغان مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ سوتسىيالىستىك خاراكتېرىنى ئېنىق تونۇپ، كوللېكتىپىزملىق روھنى يېتىلدۈرۈپ، دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە شەخستىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا تەربىيە بېرىشكە قارىتىش كېرەك. بولۇپمۇ كادىرلارغا جان ـ دىلى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇپ، ئىدىيىۋى ئىستىل ۋە خىزمەت ئۇسۇلىنى ياخشىلاپ، پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ، كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇپ، يېزىلاردىكى ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە ئىسلاھاتنى ئېلىپ بېرىش، ئىشقىنى ئىچچۈيتىش تەلىپىگە لايىقلىشىش توغرىسىدا تەربىيە بېرىش كېرەك.

سوتسىيالىستىك ئىدىيىۋى تەربىيىدە ئىجابىي تەربىيىنى، ئۆز ـ ئۆزىنى تەربىيىلەشنى ئاساس قىلىش، ئىلغارلارنى تەقدىرلەش، ئۈلگىلەرنى تىكلەش لازىم، تەشۋىق ـ تەربىيىنى شۇ جايدىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك؛ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئاممىۋى لۇشيەندە چىڭ تۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ خوجايىنلىق مەسئۇلىيەتچانلىقىنى كۈچەيتىش كېرەك؛ پىلانلىق تۇغۇت تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش لازىم؛ قانۇنچىلىق تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ياخشى تۇتۇپ، نورمال ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش تەرتىپىنى قوغداش كېرەك؛ ئىدىيىۋى تونۇش ئۆسكەن ئاساستا قائىدە ـ تۈزۈملەرنى ئورنىتىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىدىيىۋى تەربىيە نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش كېرەك.

ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى يېزىغا چۈشۈشكە ئاجراتقان كادىرلارنى جەزمەن رەھبىرىي كادىرلار باشلاپ بېرىشى، ئۇلار پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ۋەزىپە ۋە مەسئۇلىيەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، تەشكىلىي ئىنتىزامنى چىڭىتىپ، ئاساسىي قاتلاملارغا، ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، جايلاردىكى تەشكىلاتلار ۋە كادىرلارغا تايىنىپ، خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشى، بولۇپمۇ نامرات يېزا، كەنتلەر ۋە ئاپەت يۈز بەرگەن رايونلاردا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى ھەقىقىي ھەل قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شارائىتىنى پەيدىنپەي ياخشىلاپ، نامراتلىقتىن ئىمكان قەدەر تېز قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىشكە كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك.

تەكشۈرۈپ تۇرۇشكە تېگىشلىكى شۇكى، تۈرلۈك تەربىيە ھەرىكەتلىرىنىڭ ھەممىسى يېزىلاردىكى

مەسئۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان ئىسلاھات نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق بولۇشى، كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ئاكتىپلىقىنى يەنىمۇ قوزغاشقا پايدىلىق بولۇشى، يېزىلارنىڭ مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە، سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشقا پايدىلىق بولۇشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار يۇقىرىدا ئېيتىلغان تەلەپلەر بويىچە شۇ جاينىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئەمەلىي پىلان تۈزۈپ چىقىپ، تەربىيىنىڭ مۇھىم ئۇقتىسىنى بەلگىلەپ كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇشى كېرەك. پارتكومدىكى مەسئۇل يولداشلار ئۆزلىرى ئۇقتىدا تۇرۇپ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، تۈرلەرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىپ، بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلىشى لازىم.

## 6. يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇش

يېزىدا ئىشلەشكە تېگىشلىك خىزمەت ناھايىتى كۆپ، تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلارغا تايىنىپ ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم. شۇڭا، يېزا، كەنتلەردىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلارنىڭ قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇش لازىم. مۇھىمى، كەنت دەرىجىلىكلەرنى ياخشى تۇتۇش لازىم. كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ يادرولۇق رەھبەرلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، كەنت ئاھالە كومىتېتى، كەنت ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇش، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسى، خەلق ئەسكەرلىرى قاتارلىق تەشكىلاتلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش لازىم. بۇ يىل قىش، كېلەر يىلى ئەتىيازدا تۆۋەندىكى بىر نەچچە ئىشنى ئۇقتىلىق ھالدا ياخشى تۇتۇش لازىم.

(1) پارتىيە ياچېيكىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇش لازىم. پارتىيىنىڭ ئىچكى تۇرمۇش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پارتىيە ئەزالىرىغا بولغان تەربىيىنى كۈچەيتىپ، پارتىيە ياچېيكىلىرىنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق رولى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم. ناھىيە، يېزا دەرىجىلىك پارتكوملار كۈچ ئۇيۇشتۇرۇپ، ئارقىدا قالغان پارتىيە ياچېيكىلىرىنىڭ بەزە قۇرۇلۇشىنى ياخشىلاشقا ياردەم بېرىشى، بولۇپمۇ پاك، دىيانەتلىك، ئادىل ئىشلەيدىغان ئاكتىپ، قابىلىيەتلىك پارتىيە ئەزالىرىنى ياچېيكا شۇجىلىقىغا ئۆستۈرۈشى كېرەك. دەمەللىكتە ۋاپىق كىشى تېپىلمىسا، يۇقىرىدىكى كەنت دەرىجىلىك ۋەزىپىنى قوشۇمچە ئۆتەشكە قابىل كادىرلارنى ئەۋەتىپ، بىر نەرەپتىن، خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن، كادىرلارنى بايقاش ھەم يېتىشتۈرۈش لازىم.

(2) كەنت ئاھالە كومىتېتى ۋە كەنت ئاھالە گۇرۇپپىسىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى ياخشىلاش كېرەك. كەنت ئاھالە كومىتېتى ھەم ئۆزىنىڭ باشقۇرۇش فۇنكسىيىسىنى ئادا قىلىشى، ھەم كەنتتىكى يۇقىرىلارغا يېزىلىق ھۆكۈمەت ئورۇنلاشتۇرغان مەمۇرىي ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداش ھەققىدە تەربىيە بېرىشى، ھەيدەكچىلىك قىلىشى ۋە ئۇلارنى ئۇيۇشتۇرۇشى كېرەك. كەنت ئاھالىسىنىڭ كېڭەشمە تۈزۈمى، كەنت ئىشلىرىنى ئاشكارا تۇتۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىش كېرەك. ئومۇمەن، ئامما ئومۇميۈزلۈك كۆڭۈل بۆلىدىغان چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى ئاممىغا ئاشكارىلاپ، ئاممىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىش كېرەك. كەنت ئاھالە گۇرۇپپىلىرىنى قۇرۇش، مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ئاممىنى قانۇن بويىچە ئەھدىنامە تۈزۈشكە قوزغاپ، يۇقىرىلارنىڭ قانۇن ـ ئىنتىزامىغا رىئايە قىلىش ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى باشقۇرۇش، ئۆز ـ ئۆزىنى تەربىيىلەش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، ياخشى كەيپىيات يارىتىش لازىم.

(3) يېزا ـ كەنت ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتلىرىنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. جايلار ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلىرىنى

(ئاخىرى 63 ـ بەتتە)

# رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش — پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ ئاچقۇچى

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جاڭ فۇسېن

رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىش — پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ ئاچقۇچى.

رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ماركسىزمغا سادىق كىشىلەرنىڭ قولىغا مەھكەم تۇتقۇزۇش كېرەك. رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ قۇرۇلۇشىدا ھەممىدىن ئاۋۋال ئادەم تاللاش مەسىلىسى بار، كادىرلار قوشۇنىنى «تۆتلەشتۈرۈش» فاڭجېنىنى داۋاملىق ئىزچىل ئىجرا قىلىش لازىم. رەھبىرىي كادىرلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى يۇقىرى بولمىسا، ئۇلار كەسپىنى بىلمىسە، ئۇلارنىڭ بىر قەدەر كۈچلۈك تەشكىللەش ئىقتىدارى، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش روھى بولمىسا، ئەلۋەتتە بولمايدۇ، لېكىن ئىنقىلابىيلاشتۇرۇشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش، ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك بولۇش ئۆلچىمى بويىچە ئادەم تاللاش، ئىشلىتىش، تەربىيىلەش كېرەك. يولداش جياڭ زېمىننىڭ 1990 - يىل 6 - ئاينىڭ 12 - كۈنى پارتىيە مەكتىپى مۇدىرلىرى سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلىگەن كادىرلارنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە دائىر بەش تەلىپىنى ئۆلچەم قىلىش كېرەك.

نۆۋەتتە، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەقسىتىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرگەن كىشىلەرنى رەھبەرلىك بەنزىسىگە تاللاپ كىرگۈزۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش ئۇقتىشنە زەربىدە ۋە مەيدانىدا چىڭ تۇرۇۋالغان، چوڭ ھەق، چوڭ ناھەق ئالدىدا پۈرسەتپەرەسلىك قىلغان، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغان، ھوقۇقىغا تايىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتقان كىشىلەرنى ئۆستۈرۈشكە، ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىشكە ھەرگىز بولمايدۇ، رەھبەرلىك بەنزىسى ئىچىگە كىرىپ قالغانلارنىمۇ قەتئىي تەڭشىۋېتىش كېرەك، بۇ مەسىلىدە پوزىتسىيىمىز قەتئىي بولۇشى كېرەك، بولۇپمۇ بىرىنچى باشلىقنى ياخشى تاللاشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. بىرىنچى باشلىق بولغۇچى كەسپىنى بىلىپلا قالماستىن، تەشكىللەش، رەھبەرلىك قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشى، كىشىلەرنى ئىشلىتىش، كىشىلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىشقا ماھىر بولۇپلا قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى، سىياسىي جەھەتتە كۈچلۈك بولۇشى كېرەك. كونكرېت ئېيتقاندا، مەيدانى مۇستەھكەم بولۇشى، ھەق - ناھەقنى ئېنىق ئايرىيدىغان بولۇشى، دادىللىق بىلەن پرىنسىپتا چىڭ تۇرالىشى، سىياسىي جەھەتتە سەزگۈر بولۇشى كېرەك. ھازىر بەزى رەھبەرلىك بەنزىلىرىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلە شۇكى، 1) رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ماركسىزم - لېنىنىزملىق سەۋىيىسى تۆۋەن، سۈپىتى ناچار؛ 2) ھوقۇقىغا تايىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىش مەسىلىسى مەۋجۇت؛ 3) ئاممىدىن ئايرىلىپ قالغان؛ 4) دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇشى ياخشى ئەمەس؛ 5) بەزى رەھبەرلىك بەنزىلىرى ئىتتىپاق ئەمەس، ئۆز ئارا ماسلاشمايدۇ. بۇ مەسىلىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى سەۋەب مۇنداق: بىرىنچىدىن، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش بوشاشتۇرۇپ قويۇلغان، دۇنيا قاراشنى ئۆزگەرتىشكە سەل قارالغان. ئاز - تولا ئۆگەنگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتكە باغلاش، بولۇپمۇ ئىدىيىۋى ئەمەلىيەتكە باغلاش يېتەرلىك بولمىغان. ئىككىنچىدىن، بەزى رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ پارتىيە ئىچىدىكى دېموكراتىك تۇرمۇشى نورمال ئەمەس. ئۇلار ئاكتىپ ئىدىيىۋى كۆرەشنى قانات يايدۇرۇپ، رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتەلمىگەن. شۇڭا نۆۋەتتىكى رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشى، ئىستىلى قۇرۇلۇشىدىكى گەۋدىلىك ۋەزىپىسى

(ئاخىرى 33-بەتتە)

# ماركسزمنىڭ ئككى خىل ئشلە پچقرىش توغرىسىدىكى نەزە رىيەسىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە بولغان يېتەكچىلىك ئەھمىيىتى توغرىسىدا

رەھىم يۈسۈپ

ماركسزمنىڭ قارىشىچە، ئىجتىمائىي ئشلە پچقرىش ماددىي ۋاستىلەرنى ئشلە پچقرىش بىلەن ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنى ئشلە پچقرىشتىن ئىبارەت ئككى خىل ئشلە پچقرىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ماددىي ۋاستىلەرنى ئشلە پچقرىش دېگىنىمىز، ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت دۇنياسىنى بويسۇندۇرۇش، تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش، ماددىي بايلىق يارىتىش يولىدا ئېلىپ بارغان ئشلە پچقرىش پائالىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنى ئشلە پچقرىشى، ئاددىي سۆز بىلەن ئېيتقاندا، ئادەمنىڭ ئۆزىنى ئشلە پچقرىش پائالىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. بىر جۈملە سۆز بىلەن ئېيتقاندا، ئككى خىل ئشلە پچقرىش — ماددىي ئشلە پچقرىش بىلەن نوپۇس ئشلە پچقرىشنى كۆرسىتىدۇ.

ماركسزمنىڭ قارىشىچە، ماددىي ۋاستىلەرنى ئشلە پچقرىش بىلەن نوپۇسنى ئشلە پچقرىشتىن ئىبارەت ئككى خىل ئشلە پچقرىش بىر-بىرى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق، بۇ خىل باغلىنىش مۇنداق ئۈچ جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ:

بىرىنچى، ماددىي ۋاستىلەرنى ئشلە پچقرىش بىلەن نوپۇسنى ئشلە پچقرىش ئۆز ئارا بېقىنىدۇ. نوپۇسنى ئشلە پچقرىش ماددىي ۋاستىلەرنى ئشلە پچقرىشتىن ئايرىلىپ كېتەلمەيدۇ. ماددىي ۋاستىلەرنى ئشلە پچقرىشمۇ نوپۇسنى ئشلە پچقرىشتىن ئايرىلىپ كېتەلمەيدۇ. قىسقىسى، ئككى خىل ئشلە پچقرىش يەككە - يېگانە ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ ۋە راۋاجلىنالمايدۇ. ماددىي ۋاستىلەرنى ئشلە پچقرىش — ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئاساسىي پائالىيىتىدۇر. بۇ خىل پائالىيەت بولمىسا، ئىجتىمائىي ئىشلە پچقرىش ئەمگىكىمۇ بولمايدۇ، ئىنسانلار پەيدا بولالمايدۇ، ئىنسانلار ماددىي ۋاستىلەرنى ئشلە پچقرىشتىن ئايرىلىپ قالسا، يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، تۇرار جاي قاتارلىق ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلالمايدۇ. كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىمۇ ساقلىيالمايدۇ، نەتىجىدە نوپۇسنى ئشلە پچقرىش ۋە تەكرار ئشلە پچقرىش ئۈستىدە ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ، ئىنسانلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىي قىلىشى ئۈستىدە تېخىمۇ سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. شۇڭا، ماددىي ۋاستىلەرنى ئشلە پچقرىش ھەر قانداق جەمئىيەت ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدۇ.

ماددىي ۋاستىلەرنى ئشلە پچقرىش ئىنسانلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، ئىلىم - پەن، سەنئەت قاتارلىق پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشنى ماددىي ئاساس بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. ئشلە پچقرىش ئەمگىكى ئىنسانلارنىڭ ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتتە ئالغا ئىلگىرىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ماددىي ۋاستىلەرنى ئشلە پچقرىش نوپۇس ئشلە پچقرىشتىن ئايرىلىپ كېتەلمەيدۇ. چۈنكى، ئادەم — ئۆزىنىڭ ماددىي ئشلە پچقرىشنىڭ ئاساسى، شۇنداقلا باشقا ھەر خىل ئشلە پچقرىشنى ئېلىپ بېرىشنىڭ ئاساسى. بىزگە مەلۇمكى، ھەر قانداق جەمئىيەتتە مۇئەييەن نىسبەتتە نوپۇس بولۇشى كېرەك. ئەگەر نوپۇس ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە يېڭىلىنىپ تۇرمىسا، نوپۇسنىڭ ئشلە پچقرىش تەجرىبىسى ئۈزلۈكسىز جۇغلانمىسا، ئۇ چاغدا ماددىي ۋاستىلەرنى ئشلە پچقرىشنى ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتۇرغىلى ۋە راۋاجلاندۇرغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، ئككى خىل ئشلە پچقرىش بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ كېتەلمەيدۇ، ئۆز ئارا بېقىنىدۇ.

ئىككىنچى، ئىككى خىل ئىشلەپچىقىرىش بىر-بىرىگە سىڭگەن بولىدۇ. ماددىي ۋاستىلەرنى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مېۋىسى كىشىلەر (ئادەم) ئارقىلىق ئىستېمال قىلىنىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئىستېمال قىلىشى ماددىي ۋاستىلەرنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەكرار ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز ئەمگەك كۈچى ھازىرلاپلا قالماستىن، بەلكى كىشىلەرنىڭ جىسمانىي كۈچىنىڭ ئېشىپ بېرىشى ۋە ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ ئۆسۈپ بېرىش ئېھتىياجىنى قاندۇرىدۇ ھەمدە نوپۇسنىڭ تەكرار ئىشلەپچىقىرىلىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان شەرت - شارائىتلارنى يارىتىپ بېرىدۇ. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ئادەم ئىقتىسادىي پائالىيەتنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى سۈپىتىدە ماددىي ۋاستىلەرنى ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى ئىشلەپچىقىرىش، ئالماشتۇرۇش، تەقسىمات، ئىستېمالدىن ئىبارەت ھالقىلارنىڭ ھەممىسىگە قاتناشقان بولىدۇ.

ئۈچىنچى، ئىككى خىل ئىشلەپچىقىرىش بىر - بىرىنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەپ تۇرىدۇ. بۇنىڭ ئىپادىسى شۇكى، بىر تەرەپتىن، ماددىي ۋاستىلەرنى ئىشلەپچىقىرىش نوپۇسنى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ شەرتى، كۆلىمى، قۇرۇلمىسىنى بەلگىلەيدۇ. نوپۇسنى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ سانى ۋە سۈپىتىنىمۇ بەلگىلەيدۇ؛ يەنە بىر جەھەتتىن، نوپۇس ماددىي ۋاستىلەرنى ئىشلەپچىقىرىشقا نىسبەتەن ئەكس تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەگەر نوپۇسنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى ماددىي ۋاستىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشىغا ئۇيغۇن كەلسە، ئۇ چاغدا ماددىي ۋاستىلەرنى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى تېز بولىدۇ؛ ئەگەر ئۇنىڭ ئەكسىچە، نوپۇسنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى ماددىي ۋاستىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشىغا ئۇيغۇن كەلمىسە، ئۇ چاغدا ماددىي ۋاستىلەرنى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ قەدىمى ئاستا بولىدۇ. شۇڭا، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانغاندا، ئىككى خىل ئىشلەپچىقىرىشنى تەڭ تۇتۇش كېرەك. بۇ، ماركسىزملىق نوپۇس نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشتە جەزمەن ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا تېگىشلىك بىر مۇھىم نۇقتا.

ئىككى خىل ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئۇنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا چۈشەنچە ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا، بۇ خىل نەزەرىيىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە نىسبەتەن قانداق يېتەكچىلىك ئەھمىيىتى بارلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز لازىم.

ماركسىزملىق نوپۇس نەزەرىيىسىنىڭ ئىككى خىل ئىشلەپچىقىرىش توغرىسىدىكى قائىدىسى — دۆلىتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە نىسبەتەن ناھايىتى مۇھىم يېتەكچىلىك رول ئوينايدۇ. بۇنىڭ ئىپادىسى:

(1) ئىككى خىل ئىشلەپچىقىرىش توغرىسىدىكى قائىدىنى ئۆگەنگەندە، كىشىلەرنىڭ نوپۇسنىڭ سانىنى تىزگىنلەش، نوپۇسنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش بىلەن تۆت زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ مۇناسىۋىتىگە بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ. پارتىيىمىزنىڭ 12 - قۇرۇلتىيىدا 1981 - يىلىدىن مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ سانائەت يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدە ئىككى قاتلاشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، خەلقنىڭ ماددىي، مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈش نىشانى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ ئۇلۇغۋار نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن، ئاۋار ئىگىلىكنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ماددىي ئىشلەپچىقىرىشنى يۈكسەلدۈرۈشىمىز، يەنە بىر تەرەپتىن، نوپۇسنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىنى زور كۈچ بىلەن تىزگىنلىشىمىز كېرەك. ئەگەر مەھسۇلاتنىڭ ئومۇمىي قىممىتىنى ئىككى قاتلىيالمىساق، ئۇ چاغدا، خەلق تۇرمۇشىنى ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدۇ. ئەگەر ئىككى قاتلاش نىشانى ئەمەلگە ئاشقان تەقدىردىمۇ، نوپۇس كەڭ كۆلەمدە ئېشىپ كەتسە، ئۇ چاغدا، نوپۇس بىلەن ماددىي ۋاستىلەرنى

ئىشلەپچىقىرىش ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت تۇغۇلىدۇ - دە، بۇ زىددىيەت ئاخىرى بىر خىل تۇسالغۇ كۈچكە ئايلىنىپ، ئىككى خىل ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىنى ئوخشاشلا تۈپۈك يولغا سۆرەپ كىرىدۇ. نوپۇسنىڭ سۈپىتى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، بىزنىڭ ھازىرقى نوپۇسىمىزنىڭ سۈپىتى زامانىۋىلاشقان ئىشلەپچىقىرىش ۋە ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ماسلىشىپ كېتەلمەيۋاتىدۇ، دۆلىتىمىزدە ھازىرمۇ 200 مىليوندىن ئارتۇق ساۋاتسىز بار. ئەگەر نوپۇسنىڭ سۈپىتى ئۆستۈرۈلمىسە، پەن - تېخنىكىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە ئىقتىسادنىڭ گۈللىنىشى ناھايىتى قىيىنغا چۈشىدۇ. شۇڭا، ماددىي ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، نوپۇسنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشىنى ياخشى تۇتۇشىمىز، نوپۇسنىڭ سانىنىڭ ئېشىپ كېتىشىنى تىزگىنلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، نوپۇسنىڭ سۈپىتىنى زور كۈچ بىلەن ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك.

(2) ئىككى خىل ئىشلەپچىقىرىش توغرىسىدىكى قائىدىنى ياخشى ئۆگەنگەندە، ئىككى خىل ئىشلەپچىقىرىشنى تەڭ تۇتۇش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ. ئازادلىقتىن كېيىن، خەلق ئىگىلىكىمىزنىڭ تەرەققىياتىدا كۆپ ئەگرى - توقاي يوللارنى باستۇق، بىر نەچچە قېتىم چوڭ سەۋەنلىكلەرنى سادىر قىلدۇق. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ سەۋەنلىكنىڭ بىرى، نوپۇس مەسىلىسىدىكى سەۋەنلىك بولدى. خېلى ئۇزۇنغىچە ئىككى خىل ئىشلەپچىقىرىشنى تەڭ تۇتۇشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇپ يېتەلمىدۇق، نوپۇسىمىز پىلانسىز كۆپىيىپ كەتتى، نەتىجىدە، مەملىكەت خەلقىمىز يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، تۇرار جاي، قاتناش - ترانسپورت، مائارىپ، ساقلىقنى ساقلاش، ئىشقا ئورۇنلىشىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئاز بولمىغان قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلدى. ئەگەر بىز ئىككى خىل ئىشلەپچىقىرىش توغرىسىدىكى قائىدىنى بالدۇرراق ئىگىلىگەن بولساق، ئەمەلىيەتتىمۇ ئىككى خىل ئىشلەپچىقىرىشنى تەڭ تۇتقان بولساق، ئۇ چاغدا، بىزنىڭ بۈگۈنكى تۇرمۇشىمىز تېخىمۇ ياخشى ئۆتكەن بولاتتى. بۇ ئاچچىق ساۋاقنى ئېسىمىزدىن چىقىرىپ قويماسلىقىمىز كېرەك.

(3) ئىككى خىل ئىشلەپچىقىرىش توغرىسىدىكى قائىدىنى كەڭ تەشۋىق قىلساق ۋە ئۇنى ئومۇملاشتۇرساق، كەڭ ئاممىنى تېخىمۇ ئاڭلىق ھالدا پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ. پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى ئاممىۋى خاراكتېرلىك ھەرىكەت. بۇنىڭدا مەجبۇرلاش، قوپاللىق بىلەن ئارىلىشىش ئۇسۇلىنى قوللانماستىن، تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق كەڭ ئاممىنىڭ پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش ئاڭلىقلىقىنى قوزغىشىمىز كېرەك. ھازىر بەزى ئاممىدا پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇشقا نىسبەتەن قارشىلىق ئىدىيىسى ياكى قوبۇل قىلالماسلىق مەسىلىسى بار. بۇ ھەم ئەمەلىي مەسىلە، ھەم تونۇش مەسىلىسى. بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمەسلىكىدىكى سەۋەب، ئۇلار ئىككى خىل ئىشلەپچىقىرىش توغرىسىدىكى داۋلىنى ئۇقمايدۇ ياكى ياخشى چۈشەنمەيدۇ. تەشۋىقات ئارقىلىق ئىككى خىل ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتى بىر-بىرىگە ماس كەلگەندە، ماددىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى تۇرمۇش سەۋىيىسىنى تېزلا ئۆستۈرگىلى، تېزلا بېيىغىلى بولىدىغانلىق داۋلىسىنى چۈشەنگەندە، كەڭ ئامما، دۆلەتنىڭ چاقىرىقىغا ئاڭلىق ئاۋاز قوشۇپ، پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇشنىڭ غايەت زور كۈچىگە ئايلىنىدۇ.

# كارخانا ھۆددىگەرلىك تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ بىر قانچە يېڭى شەكلى

دۇڭ فېڭيۇ

## 1. «بىر گەۋدە، ئىككى قانات» ھۆددىگەرلىك تۈزۈمى

«بىر گەۋدە، ئىككى قانات» بويىچە ھۆددىگە ئېلىپ باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئەنشەن پولات - تۆمۈر شىركىتىنىڭ كارخانا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش داۋامىدىكى يېڭى ئىجادىيىتى. «بىرگەۋدە» دېگەن شىركەت ئىچىدە ئومۇمىي ئۈنۈمنى ھۆددىگە ئېلىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلىشنى كۆرسىتىدۇ؛ «ئىككى قانات» دېگەن پەن - تېخنىكا ئۈنۈمى ۋە باشقۇرۇش ئۈنۈمىنى مەزمۇن قىلغان ھالدا يەككە تۈر بويىچە ھۆددىگە ئېلىشنى كۆرسىتىدۇ.

ئومۇمىي ئۈنۈمنى ھۆددىگە ئېلىش، بۇنىڭدا كارخانا ئىچىدە «تۆتنى ھۆددىگە بېرىش، بىرنى چېتىش» يەنى مەھسۇلاتنى، پايدا - باجنى، تېخنىكا ئۆزگەرتىشنى، كارخانىلارنى دەرىجىگە سېلىشنى ھۆددىگە بېرىش، ئومۇمىي ئىش ھەققى سوممىسىنى ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە چېتىش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ.

پەن - تېخنىكا ئۈنۈمىنى ھۆددىگە بېرىش. بۇنىڭدا «تېخنىكا تەرەققىياتى ئەترىتى»نى، باشلامچى ئىلمىي تەتقىقات ئورۇنلىرىنى تايانچ، ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇت - كانلىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا پەن - تېخنىكا تۈرلىرى بويىچە ھەر تەرەپلىمە، كۆپ قاتلام ھۆددىگە بېرىلىدۇ. پەن - تېخنىكىنى ھۆددىگە بېرىشتە شىركەتنىڭ ئىچكى ھۆددىگەرلىك كۆرسەتكۈچى ئاساسىدا يېڭى ئۈنۈم ھاسىل قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. كونكرېت ئۇسۇلى مۇنداق: ئالدى بىلەن، ھۆددىگە ئالغۇچى ئورۇن ياكى شەخس ھۆددىگە ئېلىش تۈرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ ھەمدە كونكرېت يولغا قويۇش چارىلىرىنى تۈزۈپ، يارىتىلىدىغان ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى مۆلچەرلەپ چىقىدۇ، ئالاقىدار تارماقلار تۈرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ رەسمىي ھۆددىگە بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، شۇ تۈرنى يولغا قويۇش داۋامىدا چېتىلىدىغان دائىرە بويىچە ئۈچ قاتلامغا بۆلۈپ ھۆددىگە بېرىلىدۇ: كارخانىنىڭ تەرەققىيات نىشانىغا چېتىلىدىغان چوڭ ۋە ئۇزاق مەزگىللىك تېمىلارنى شىركەت رەھبەرلىكى، پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى، ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇت - كانلىرى، فۇنكسىيىلىك باشقارما، ئىشخانىلاردىكى پەن-تېخنىكا خادىملىرى ۋە باشقۇرغۇچى كادىرلاردىن تەركىب تاپقان 12 «تېخنىكا تەرەققىيات ئەترىتى» شىركەتتىن تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە ئومۇمىيۈزلۈك ھۆددىگە ئالىدۇ؛ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە زىچ ئالاقىدار بولغان قىسقا مەزگىللىك ياكى زاپاس تېمىلارنى پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى شىركەتتىن ئىلمىي تەتقىقات بويىچە ئومۇمىيۈزلۈك ھۆددىگە ئالىدۇ؛ ئۆز ئۆزىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدىكى تېز ئۈنۈم بېرىدىغان تېمىلارنى زاۋۇت - كانلار پەن - تېخنىكا باشقارما - ئىشخانىلىرىدىن توغرا لىنىيە بويىچە ھۆددىگە ئالىدۇ، پەن - تېخنىكا باشقارمىسى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇت - كانلىرى تىك لىنىيىلىك ھۆددىگەرلىكنى يولغا قويىدۇ.

باشقۇرۇش ئۈنۈمىنى ھۆددىگە بېرىش: بۇنىڭدا زامانىۋى باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنىڭ ئەمەلىي تۈرلىرىنى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشنى، باشقۇرۇشنى زامانىۋىلاشتۇرۇش سەۋىيىسىنى ۋە بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان ھالدا ھۆددىگە بېرىلىدۇ. باشقۇرۇش ئۈنۈمىنى ھۆددىگە بېرىش ئىشى ئومۇمىي ئۈنۈمنى ۋە پەن - تېخنىكىنى ھۆددىگە بېرىشتىن كېيىن

باشلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇنىڭدا زامانىۋى باشقۇرۇش ئۇسۇلى ۋە تېخنىكىسىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق ئاشۇرۇلىدىغان ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ھۆددىگە ئېلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئالدى بىلەن شىركەتنىڭ ئالاقىدار باشقارما - ئىشخانىلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھۆددىگە ئېلىش تۈرلىرى ئۈستىدە «دەسلەپكى تەكشۈرۈش»، «بىرلىشىپ تەكشۈرۈش»، «ئاخىرقى تەكشۈرۈش»لەرنى ئېلىپ بېرىپ، ھۆددىگەرلىك توختامى ئۆتكىلىنى مەھكەم ئىگىلەيدۇ. ئاندىن ھۆددىگەرلىك توختامى باش ئىقتىسادچىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ھۆددىگە بەرگۈچى تەرەپ بىلەن ھۆددىگە ئالغۇچى تەرەپ تىپىدىكى تەقلىدىي قانۇنىي ئىگە توختامغا رەسمىي ئىمزا قويىدۇ. باشقۇرۇش خىزمىتىنى تەكشۈرۈش ئېھتىياجىغا ئاساسەن، شىركەت «ئىلگىرى سۈرگۈچى ئەترەت» قۇرۇپ، زىممىگە ئالغان ھۆددىگەرلىك تۈرلىرىنى بىرمۇ بىر ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە مەسئۇل قىلىدۇ ھەمدە شۇ تۈرلەرنى يولغا قويۇش داۋامىدىكى ماسلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ۋە زامانىۋى باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى يولغا قويۇش جەھەتتىكى تەربىيەلەش ۋە يېتەكچىلىك قىلىش ئىشىنى ياخشى ئىشلەيدۇ.

«بىر گەۋدە، ئىككى قانات» ھۆددىگەرلىك تۈزۈمىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، شىركەت زاۋۇت - كانلارنىڭ ئىگىلىك كۆرسەتكۈچى، پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ ئۈنۈمى ۋە باشقۇرۇشنى زامانىۋىلاشتۇرۇش نىشانىنى ئايرىم - ئايرىم ھۆددىگەرلىك توختامى تۈزۈپ باشقۇرىدۇ. بۇ ھۆددىگە ئېلىش مەزمۇنىغا ئاساسەن تەكشۈرۈش، باشقۇرۇش چارىسىنى بېكىتىشكە پايدىلىق بولۇپلا قالماي، ھۆددىگەرلىك تۈرلىرىنىمۇ مەلۇم دەرىجىدە باغلايدۇ.

### ئومۇمىي جەھەتتىن تەكشەش - تىزگىنلەش، لىنىيە بويىچە ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمى

جىلىن ئۆلكىسى دۇنخۇا شەھىرىدىكى سۈنشى پەنەركە زاۋۇتى ئومۇمىي جەھەتتىن تەكشەش - تىزگىنلەش، لىنىيە بويىچە ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق، كارخانىنىڭ ئىچكى قىسمىدا مەسئۇلىيەت، ھوقۇق، مەنپەئەتنى بىر گەۋدە قىلىشتەك يېڭىچە باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، بىر قەدەر ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلغان. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ئۇسۇلى مۇنداق:

كارخانىنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن تەكشەش - تىزگىنلەش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، كارخانىنىڭ ئىچكى ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى كۈچەيتكەن. (1) ھېسابات سىستېمىسى. بۇنىڭدا زاۋۇت بانكىسى قۇرۇپ، كارخانىنىڭ ھەر قايسى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سەرپىياتى، مەبلەغنى ئىگىلەش، باشقۇرۇش، ئىشلىتىش ئەھۋالى ۋە ئىقتىسادىي مۇئامىلىسى ئۈستىدە بىردەك تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇش پرىنسىپى بويىچە ئىچكى ھېسابات ئېلىپ بارغان؛ ھەر قايسى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىلىرىنىڭ ئىگىلىك تەننەرقى ۋە نورمىسىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى زاۋۇت بانكىسىنىڭ تەكشۈرۈشى، نازارەت قىلىشى ۋە قايتما ئىنكاسى ئارقىلىق ئۈنۈملۈك ھالدا تەكشەپ - تىزگىنلەپ تۇرغان. (2) ماددىي ئەشيا باشقۇرۇش سىستېمىسى. بۇنىڭدا كارخانىنىڭ خام ئەشيا - ماتېرىيال ۋە تەييار مەھسۇلات ئامبارلىرى زاۋۇت مەمۇرىيىتىنىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇشىدا بولغان. زاۋۇت بانكىسى ئۇنى ئومۇمىي جەھەتتىن تەكشەپ ۋە تىزگىنلەپ ھەمدە ئامبار زاپىسىنى ۋە ئامبارنىڭ كۈندىلىك كىرىم - چىقىمىنى ھەر ۋاقىت ئىنكاس قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەت پائالىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشنى توغرا ناتۇرال پارامېتر بىلەن تەمىن ئېتىپ تۇرغان. (3) ماسلاشتۇرۇش، مۇلازىمەت يېتەكچىلىك قىلىش سىستېمىسى. بۇنىڭدا سىياسىي، دېموكراتىك نازارەتچىلىك تۈزۈمى ئورنىتىلىپ، فۇنكسىيىلىك تارماقلارنىڭ رولى كۈچەيتىلگەن، كارخانا پارتىيە تەشكىلاتى، ئاممىۋى تەشكىلات ۋە ھەر قايسى كەسپىي بۆلۈم - ئىشخانىلارنىڭ ئومۇميۈزلۈك ماسلاشتۇرۇشى ئارقىلىق

كارخانا باشقۇرغۇچىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت پائالىيىتىدە كۆرۈلگەن ھەر خىل زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ياردەم بەرگەن.

لېنىيىگە بۆلۈپ ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، مەسئۇلىيەت، ھوقۇق، مەنپەئەتنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرگەن. بۇنىڭدا مەھسۇلات تۈرىگە قاراپ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل تۆت ئىشلەپچىقىرىش لېنىيىسىنى ئايرىپ چىققان ھەمدە ھەر قايسى ئىشلەپچىقىرىش لېنىيىلىرىنىڭ ئورۇنداشقا تېگىشلىك ئىقتىسادىي، تېخنىكا كۆرسەتكۈچلىرى، تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك زاۋۇت تۈرىنى ئىگىلەپ ئىشلىتىش ھەققى، ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئامورتىزاتسىيىسى ۋە باشقا باشقۇرۇش خىراجەتلىرىنى بېكىتىپ، لېنىيە بويىچە تەكشۈرۈشنى يولغا قويۇپ، مۇكاپاتلاش - جازالاشنى نەقلەشتۈرگەن. مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى لېنىيە بويىچە ئىھتىيات گۇرۇپ ھۆددىگەرلىكنى يولغا قويۇشتا، ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى ماقۇللىغاندىن كېيىن، زاۋۇت باشلىقى بىلەن رەسمىي ھۆددىگەرلىك توختامى تۈزگەن. ئىشلەپچىقىرىش لېنىيىلىرى قاتلاممۇ قاتلام سەرخىللاشتۇرۇپ تەشكىللەشنى يولغا قويۇپ، قاتلاممۇ قاتلام ھۆددىگە بەرگەن. مۇشۇ ئاساستا، ئومۇمىي خادىملارنىڭ ئۇراقسىز ئىش ھەققى تۈزۈمىنى يولغا قويغان يەنى ئىشلەپچىقىرىش لېنىيىسىنى ھۆددىگە ئالغان مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقىغا ئىش ئورنى ئۇراقسىز ئىش ھەققى تۈزۈمىنى يولغا قويغان. بۇ ئىش ھەققى ئىشلەپچىقىرىش لېنىيىسىدە ھەر ئايدا ئورۇندالغان ھۆددىگەرلىك پايدا كۆرسەتكۈچىگە قاراپ نىسبەت بويىچە ئايمۇ ئاي بېرىلگەن؛ سېخ مۇدىرىغا ئىش ئورنى چاتما ئۇراقسىز ئىش ھەققى تۈزۈمىنى يولغا قويغان، يەنى ئايلىق ئىش ھەققى سوممىسىنىڭ 70 پىرسەنتى ئىشلەپچىقىرىش، سۈپەت، سەرپىيات، بىخەتەرلىك، مەدەنىيەتلىك ئىشلەپچىقىرىش قاتارلىق بەش تۈرلۈك كۆرسەتكۈچ بويىچە، 30 پىرسەنتى پايدا كۆرسەتكۈچىگە قاراپ نىسبەت بويىچە ئۆرلەپ - تۆۋەنلەپ تۇرغان؛ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىرىنچى سېپىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە دەرىجىگە ئايرىلىدىغان، سوممىسىغا چەك قويۇلمايدىغان، ئىشقا قاراپ بېرىلىدىغان ئىش ھەققى تۈزۈمىنى يولغا قويغان؛ زاۋۇتنىڭ فۇنكسىيىلىك بۆلۈم - ئىشخانىلىرى ۋە ئارقا سەپ ياردەمچى سېخلىرىدا ئىشلەپچىقىرىش سېخلىرىنىڭ مەھسۇلاتىغا بىرلەشتۈرۈپ ھەق ھېسابلاش ئىش ئورنى ئۇراقسىز ئىش ھەققى تۈزۈمىنى يولغا قويغان.

لېنىيە بويىچە ھۆددىگە بېرىلگەندىن كېيىن، تەمىنلەش، ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش ھوقۇقى پۈتۈنلەي ئىشلەپچىقىرىش لېنىيىلىرىگە چۈشۈرۈپ بېرىلىپ، خام ئەشيا - ماتېرىياللارنى سېتىۋېلىش، ئىشلەپچىقىرىش، مەھسۇلاتلارنى سېتىش ئىشلىرى يۈرۈشلەشتۈرۈپ باشقۇرۇلغان، بۇنىڭ بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك ئۈنۈم ھاسىل قىلىنغان. لېنىيە بويىچە ھۆددىگە بېرىش بىلەن ئومۇمىي خادىملارنىڭ ئۇراقسىز ئىش ھەققى تۈزۈمىنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ پايدا تەقسىماتى بارغانسېرى ئەقلىغە مۇۋاپىقلاشقان، زاۋۇتتىكى پۈتۈن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئەمگەك ئاكتىپلىقى ئۈنۈملۈك قوزغىتىلغان، كارخانىنىڭ چەكلەپ تۇرۇش، رىغبەتلەندۈرۈش، راۋاج تېپىش مېخانىزمى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەنگەن.

## ئومۇمىي خادىملار مۈلكى ھۆددىگەرلىك تۈزۈمى

ئومۇمىي خادىملار مۈلكى ھۆددىگەرلىك تۈزۈمى «ئىككى باشلىق» ھۆددىگەرلىك تۈزۈمى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ بىر بېشى مۈلۈك ھۆددىگەرلىكى. بۇنىڭدا كارخانىدىكى بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ مۈلكىنى ئەمەلىيەتتە ئىگىلەش (مەسئۇل بولۇش) ئاساسىي گەۋدىسى بولۇپ، دۆلەتتىن ھۆددىگە ئالىدۇ، بۇنىڭدىكى كونكرېت ئۇسۇل مۇنداق: ئالاقىدار مەسئۇل تارماقلار ھۆددىگە بېرىش تەشكىلاتىنى تەشكىل قىلىپ،

كارخانا مۈلكىنى باھالاپ، كارخانىنىڭ ھۆددىگەرلىك نىشانىنى بېكىتىدۇ؛ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى سايلاپ چىققان مۈلۈك ھۆددىگە ئېلىش خىزمىتى كومىتېتى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە ۋەكالىتەن ھۆددىگە بەرگۈچى تەرەپ بىلەن ھۆددىگەرلىك توختامى تۈزىدۇ. يەنە بىر بېشى ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلار ھۆددىگەرلىكى. بۇنىڭدا مۈلۈك ھۆددىگە ئېلىش خىزمىتى كومىتېتى ئىگىلىك باشقۇرغۇچىنى خېرىدار چاقىرىپ تاللاپ، خېرىدار چىققۇچىنى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىدا ئاۋاز بېرىش ئارقىلىق بېكىتىپ، كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىش ھوقۇقىنى بارلىق ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە ۋەكالىتەن يۈرگۈزىدۇ.

جىلىن تۆلكىسى سىپىڭ شەھەرلىك شامالدۇرغۇچ زاۋۇتىدا سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلغان بۇنداق ھۆددىگەرلىك شەكلىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى مۇنۇلار:

(1) مۇقىم مۈلۈك پايدا نىسبىتىنى ھۆددىگە بېرىش ئۇسۇلى قوللىنىلدى. ھۆددىگەرلىك كۆرسەتكۈچى كەسىپلەرنىڭ مۇقىم مەبلەغ پايدا نىسبىتىنى مۆلچەرلەش ئاساسىدا، كارخانىنىڭ رېئال مەبلەغ پايدا نىسبىتىنىڭ ۋە كەسىپلەر مەبلىغى پايدا نىسبىتىنىڭ يۇقىرىلىشىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا شۇ زاۋۇت بىلەن كەسىپلەر ئارىسىدىكى مۇقىم مەبلەغ پايدا نىسبىتىنىڭ پەرقىنى بېكىتىشتۇر. يىل ئاخىرىدا تەكشۈرۈشتە، ھۆددىگە ئالغان پەرقلىق پايدا نىسبىتى مۇناسىپ ھالدا ئورۇندالغان پايدا سوممىسىغا ئايلاندۇرۇلۇپ، ھۆددىگەرلىك كۆرسەتكۈچىنىڭ «تۈلۈك پەرقى، جانلىق تۈپ سانى» ھاسىل بولىدۇ. (2) كارخانا مۈلكىنىڭ قىممىتىنى ساقلاپ قېلىش ۋە ئاشۇرۇش ئۈستىدىن تەكشۈرۈشنى ھۆددىگەرلىكنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلغان ھالدا توختامدا مۈلۈك ئومۇمىي مىقدارىنىڭ ئېشىشى، قايتۇرۇلغان قەرز سوممىسى، تۈسكۈنلەرنىڭ ساقلىق نىسبىتى قاتارلىقلارنى تەكشۈرۈش كۆرسەتكۈچى قىلىش ھەمدە ئومۇمىي خادىملارنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى ۋە مۈلۈك تەكشۈرۈش كۆرسەتكۈچىنى ئىلىش بىلەن ئۈنۈمىنى چېتىشتىكى تۇتاشتۇرۇلۇش كۆرسەتكۈچى قىلىش بەلگىلەندى. (3) ئومۇمىي خادىملارنىڭ ئېھتىيات گۆرۈسى يولغا قويۇلدى. بۇنىڭدا كارخانا ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى كارخانا مۇقىم مۈلكىنىڭ ئەسلى قىممىتىنىڭ مەلۇم نىسبىتى بويىچە ھۆددىگەرلىك ئېھتىيات گۆرۈ پۇلى تاپشۇرىدۇ. كارخانا يۇقىرىغا تاپشۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىيالمىغاندا، مۇشۇ رەت ھەم نىسبەت بويىچە، ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلارنىڭ ئېھتىيات گۆرۈ پۇلى، ئومۇمىي خادىملار گۆرۈ پۇلى ۋە كارخانا ئېھتىيات فوندى ئارقىلىق تولدۇرىدۇ.

بۇنداق يېڭى ھۆددىگەرلىك شەكلىدە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ كارخانىنى ھۆددىگە ئېلىشتىكى ئاساسىي گەۋدىلىك رولى گەۋدىلەندۈرۈلگەن، ئۇ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش — ئىگىلىك پائالىيىتى ۋە كارخانا مۈلكىگە بولغان غەمخورلۇقىنى ئاشۇرۇپ، كارخانىنىڭ دېموكراتىك باشقۇرۇش تۈزۈمى قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق؛ كارخانىنىڭ ئىلغار كەسىپ سەۋىيىسىگە ئىنتىلىپ، سېلىشتۇرما ـ ھاسىلات ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىشكە تۈرتكە بولىدۇ.

## «بىرنى ھۆددىگە بېرىش، بەشنى بېكىتىش، ئىككىنى بىرلەشتۈرۈش، بىرگە كاپالەتلىك قىلىش» ھۆددىگەرلىك تۈزۈمى

بۇ ھۆددىگەرلىك شەكلىنى جىلىن تۆلكىسىنىڭ چيەنگو ناھىيىسى ئىنچىكە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ۋە كەڭ تۈردە پىكىر ئېلىش ئاساسىدا تۈزۈپ چىققان.

«بىرنى ھۆددىگە بېرىش، بەشنى بېكىتىش» دېگەن كارخانىدا ھۆددىگە ئېلىپ باشقۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ئاساسىدا، كارخانىنىڭ يىللىق ئىگىلىك باشقۇرۇش نەتىجىسىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن بەش خىل تەكشۈرۈش كۆرسەتكۈچى ئارقىلىق ھەر تەرەپلىمە باھالاشنى كۆرسىتىدۇ. سانائەت كارخانىلىرىنىڭ «بەشنى بېكىتىش»تىكى تەكشۈرۈش كۆرسەتكۈچى مۇنۇلار: مەھسۇلات مىقدارى

كۆرسەتكۈچى، ماددىي ئەشيا سەرپىياتى (جۈملىدىن ئەسلى قوشۇمچە ماتېرىيال ۋە ئېنېرگىيە سەرپىياتى) كۆرسەتكۈچى، «ئىككى خىل خىراجەت»نىڭ ئۆزگىرىشچان قىسمىنىڭ كۆرسەتكۈچى، ئاساسلىق مەھسۇلاتنىڭ بىرلىك تەننەرخ كۆرسەتكۈچى، مەبلەغ پايدا - باج نىسبىتى كۆرسەتكۈچى قاتارلىقلار؛ ئوبوروت كارخانىلىرىنىڭ «بەشنى بېكىتىش»تىكى تەكشۈرۈش كۆرسەتكۈچى مۇنۇلار: مەبلەغ پايدا نىسبىتى، تاۋار ئوبوروت خىراجىتى نىسبىتى، نورمىلىق كۆچمە مەبلەغنىڭ ئوبوروت نىسبىتى، خىراجىتى چېچىلىش، پۇل يىغىش بېكىتىلىش، مال - مۈلۈك زىيىنى بىر تەرەپ قىلىنىش ئالدىدا تۇرغان مەبلەغنىڭ كونترول قىلىنىش نىسبىتى، تاۋارنىڭ خوراش نىسبىتى قاتارلىقلار.

«ئىككىنى بىرلەشتۈرۈش، بىرگە كاپالەتلىك قىلىش» دېگەن «بەشنى بېكىتىش»تىكى تەكشۈرۈش كۆرسەتكۈچىنى كارخانىنىڭ ھەر قايسى قاتلاملىرىنىڭ ھۆددىگەرلىك كۆرسەتكۈچىگە، ھۆددىگەرلىك كۆرسەتكۈچىنى كارخانىغا قالدۇرۇلغان پايدىغا ھەم شەخسلەرنىڭ مۇكاپات پۇلى ياكى ئۇنۇم ئىش ھەققىگە باغلاپ، قاتلام - قاتلام ھۆددىگە بېرىشكە كاپالەتلىك قىلىپ، زەنجىرسىمان ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تورى ھاسىل قىلىپ، زاۋۇت باشلىقى (جىڭلى)نىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مەزگىلىدىكى مەسئۇلىيەت نىشانىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

## نىشان تاللاپ ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمى

سۇجۇ شەھەرلىك كىيىم - پاراخوت شىركىتى بۇلتۇر باھا بىلەن تەننەرخ كارخانىنىڭ ئۆز ئىچىدە تۈزلەشتۈرۈش ئىقتىدارىغا ماس كەلمەسلىك؛ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ يۇقىرىراق كىرىمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشى كارخانىنىڭ ئۆسۈشكە ئېلىش ئىقتىدارىغا ماس كەلمەسلىك؛ ترانسپورت قوراللىرى جىددىي ... ئەھۋالى كارخانىنىڭ ئۆزىدە بار مەبلەغكە ماس كەلمەسلىك؛ سۇ ترانسپورتىدا ئىشنىڭ جاپالىق بولۇش ھەم ئىشچى قوبۇل قىلىش تەس بولۇش كارخانىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى بىلەن ماس كەلمەسلىكتىن ئىبارەت تۆت ماس كەلمەسلىك ئەھۋالغا دۇچ كەلدى. بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا شىركەت رەھبەرلىكى ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىگىلىكنى ياخشىلاپ ۋە كۈچەيتىپ، باشقۇرۇش مېخانىزمىنى كۈچەيتكەندىلا، ئاندىن كارخانىنى ياخشى سۈپەتلىك ئايلىنىش ئىزىغا سالغىلى بولىدۇ، دەپ قارىدى. ئۇلار كۆپچىلىكنىڭ ئەقىل - پاراستىنى جارى قىلدۇرۇش ئاساسىدا، «خېرىدار تاللاپ ھۆددىگە بېرىش» دېگەن بۇ يېڭى ئۇسۇلنى ئوتتۇرىغا قويدى.

«خېرىدار تاللاپ ھۆددىگە بېرىش» دېگەن كارخانىنىڭ تۆت دەرىجىلىك پايدا نىشانىنى بېكىتىپ، ھەر خىل دەرىجىلەرنى ھەر خىل مۇكاپات سەۋىيىسى بىلەن چېتىپ قويۇش، 2 - دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ پايدا نىشانىنى ئۆز ئالدىغا تاللاپ، يىل ئاخىرىدىكى ئەمەلىي نەتىجىسىگە قاراپ بەلگىلىمە بويىچە مۇكاپاتلىشى ۋە جازالىشى ھەمدە شۇ ئورۇندىكى ئاساسلىق مەسئۇللارغا چېتىپ قويۇشنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق يېڭى ھۆددىگەرلىك ئۇسۇلى بويىچە 2 - دەرىجىلىك ئورۇنلار ئەمدى ھۆددىگەر شەخس ۋە يۇقىرى تاللاپ بېكىتكەن نىشان بولمايدۇ، بەلكى شۇ تارماقتىكى بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مۇزاكىرىسىگە تولۇق ئاساسلانغان ھالدا، بىرلىكتە تاللاپ، تاللىنىدىغان ھۆددىگەرلىك دەرىجىسى بېكىتىلىدۇ؛ يەنى يۇقىرى دەرىجىگە تىرىشىپ ئىنتىلىش كېلىپ چىقىدۇ ھەم مەلۇم ئىمكانىيەت قالدۇرۇلىدۇ، بۇ ئارقىلىق تەقسىماتنىڭ ئاشكارىلىقىمۇ كۈچىيىدۇ، ھەر قايسى ئورۇنلاردىكى بارلىق ئىشلەپچىقارغۇچىلار ۋەزىپىنى قانچىلىك ئورۇندىغىلى بولىدىغانلىقىنى ھەم قانچىلىك ھەق ئالغىلى بولىدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرۈۋالىدىغان بولىدۇ-دە، ھۆددىگە ئالغۇچىلار بىلەن شۇ ئورۇندىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مۇناسىۋىتى ... قويۇلمىشىدۇ




سەلەيجان ئابلەت، ئىلھام ۋارىس

ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ بارىن يېزا خانتېرەك كەنت پارتىيە ياچېيكىسى بۇ يىل 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنى تىنچىتىش كۈرىشىدە ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەنلىكتىن، توپىلاڭنى تىنچىتىش كۈرىشىدە خىزمەت كۆرسەتكەن ئىلغار كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنى تەقدىرلەش يىغىنلىرىدا «توپىلاڭنى تىنچىتىشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئىگە بولدى.

بۇ يىل 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، بارىن يېزىسىدا ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ قوزغىغان توپىلاڭچىلاردىن 16 سى ئۈز نىيەتلىرىنىڭ ئەمەلگە ئاشمايدىغانلىقلىرىنى بايقاپ، شۇ كۈنى كەچ سائەت ئۈچ ئەتراپىدا بۇ يېزىدىن 80 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى خانتېرەك كەنتىگە قېچىپ بېرىپ، بۇ كەنت 1 ـ ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپىدىكى تۆركى مۇسا ئىسىملىك بىر دېھقاننىڭ ئائىلىسىگە كىرىۋالدى. ھەمدە ئۆي ئىگىسىگە كەنت مۇدىرى قادىر ئېلىنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇنىڭدىن كەنتتە قانچە خەلق ئەسكىرى، قانچە ئات، ئۇگە بارلىقىنى ۋە كەنت پارتىيە ياچېيكا شۇجىسىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى ئىنچىكىلىك بىلەن سۈرۈشتۈردى. قادىر ئېلى ئۇلارغا: قانچە خەلق ئەسكىرى بارلىقىنى مەن ئۇقمايدىكەنمەن، ئات، تۆگىلەرنى شۇجى يايلاققا ئېلىپ كەتكەن، دەپ يالغان ئېيتىپ، ئۇلارنى ئىشەندۈردى. توپىلاڭچىلار شۇ كېچىدە تۆركى مۇسا ئائىلىسىدە غىزالانغاچ ئۆزلىرىنىڭ غەرەزلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. توپىلاڭچىلارنىڭ نىيىتىنىڭ يامان ئىكەنلىكىنى ئۇققان قادىر ئېلى ئۇلارنىڭ يېنىدىن يوشۇرۇنچە قېچىپ چىقىپ، 13 نەپەر خەلق ئەسكىرىنى باشلاپ كەنت پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى ماناس دۆلەتنى تېپىپ، ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئىنكاس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئالدى بىلەن كەنتتىكى خەلق ئەسكەرلىرىنى تەشكىللەپ، ئاندىن دېھقان ـ چارۋىچىلارنى ئويغىتىپ، ئات ـ ئۇلاقلارنى خالىي جايلارغا يوشۇرۇپ، كەنتنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاشنى ئورۇنلاشتۇردى.

توپىلاڭچىلار 4 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى سائەت 10 بىلەن شۇ يەردە تۇرۇشلۇق يارقىن ئىمىن ئىسىملىك دېھقاننىڭ ئائىلىسىگە يۆتكىلىپ كېلىۋالدى. بىراق ئۇلار بۇ يەردىمۇ خاتىرجەم بولالمايدۇ. ئاخىرى توپىلاڭچىلار بۇ كەنتتىن قېچىپ قىزىلتاغ يېزا تېرەكچىلىك كەنتىنىڭ ئۆزۈن قارىغاي دېگەن يېرىگە بېرىۋالىدۇ. شۇ كۈنى سائەت تۆت ئەتراپىدا توپىلاڭنى تىنچىتىش كۈرىشىگە قاتناشقان قوراللىق ساقچى قىسمىدىكى كوماندىر ـ جەڭچىلەر خانتېرەك كەنتىگە يېتىپ كېلىدۇ. كەنت پارتىيە ياچېيكىسى ئۇلارغا ئەھۋالنى ئەينەن ئىنكاس قىلىدۇ ھەمدە ئۇلارنى 40 ئائىلىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، تۇرمۇشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. كەنتتىن 20 نەپەر قاۋۇل خەلق ئەسكىرىنى تەشكىللەپ، ئۇلارنى توپىلاڭچىلارنى يوقىتىش كۈرىشى جەريانىدا قوراللىق ساقچى قىسمىدىكى جەڭچىلەرگە يول باشلاشقا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ئۇندىن باشقا 25 ئات، تۆت تۆگىنى جەڭچىلەرگە بېرىدۇ. نەتىجىدە قوراللىق ساقچى قىسمىدىكى كوماندىر ـ جەڭچىلەر ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى

(ئاخىرى 53 ـ بەتتە)

# «دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى پارتىيە تەشكىلاتى يادرو قىلىنغان ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش» توغرىسىدا تەشۋىقات ماتېرىيالى

ئىلاۋە:
ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، رېداكسىيىمىز ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم سىياسەت تەتقىقات ئىشخانىسىدىكى يولداشلار بىلەن بىرلىكتە بۇ تەشۋىقات ماتېرىيالىنى تۈزۈپ چىقتۇق. بۇنى ژۇرنىلىمىزنىڭ ئىككى سانىغا بۆلۈپ ئېلان قىلىپ، پايدىلىنىشىڭلارغا سۇنىمىز.

## بىرىنچى لېكسىيە نۆۋەتتە، يېزىلاردا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئاپتونوم رايونىمىز يېزا خىزمىتىنىڭ مۇھىم ۋە تەخىرسىز ۋەزىپىسى

پارتىيە 13 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىمۇ پۈتۈن مەملىكىتىمىزگە ئوخشاش، پۈتۈن پارتىيە پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ۋە يېزا خىزمىتىنى ئۆتىدىغان چوڭ مۇھىت تەدرىجىي شەكىللەندى. 1989 ـ يىل 7 ـ ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 3 ـ نۆۋەتلىك 15 ـ قېتىملىق (كېڭەيتىلگەن) ئومۇمىي يىغىنى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېزىلارنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن، دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىشنى قارار قىلدى. يىغىندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى بىرلىكتە يېزا ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا پىكىر، يېزا ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا پىكىر، يېزىلاردا ئىدىيە ـ مەدەنىيەت خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا پىكىر ۋە دىنىي باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا پىكىرنى تەستىقلاپ تارقاتتى. 10 ـ ئايدا يەنە پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار قۇرۇلۇشى يىغىنى چاقىرىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىلدى. بۇنىڭدا، 1990 ـ يىلدىن باشلاپ ئىككى ـ ئۈچ يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، ئاجىز، چېچىلاڭغۇ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلارنى كۈچ ئۇيۇشتۇرۇپ تەرتىپكە سېلىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى ئوتتۇرىغا قويۇشى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇقىملىق ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان چوڭ ئىش دېگەن فاڭجېنىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى زور تەدبىر. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك

ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئۇتۇقلۇق ئېلىپ بېرىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىقتىن ئۇدا 13 يىل مول ھوسۇل ئېلىندى، كەڭ دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى يىلمۇ يىل ئۆستى، مىللەتلەر ئىتتىپاق، جەمئىيەت تىنچ، سىياسىي ئىقتىسادىي ۋەزىيەت ناھايىتىمۇ ياخشى بولغان مۇھىت شەكىللەندى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار ۋە يېزا كادىرلىرى يېزىلارنىڭ مۇقىملىقى، ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە نۇرغۇن ئەمەلىي خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، رولىنى ئوبدان جارى قىلدۇرۇپ، گەۋدىلىك تۆھپە ياراتتى. پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ ئەھۋالى ياخشى ۋە بىر قەدەر ياخشى. لېكىن، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى چوڭ - كىچىك كىلىماتلارنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، يېزىلاردا پارتىيە رەھبەرلىكى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويۇلدى، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت سۇسلاشتۇرۇپ قويۇلدى. بىر مەزگىل ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار قۇرۇلۇشىمۇ بوشاشتۇرۇپ قويۇلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېزا ئىسلاھاتىنىڭ يۈرۈشلىشىپ كېتەلمەسلىكى، مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئىزغا چۈشۈپ كېتەلمەسلىكى تۈپەيلىدىن، يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلارنىڭ رولى نورمال جارى قىلدۇرۇلمىدى، جايلارنى تەكشۈرگەن ئەھۋالدىن قارىغاندا، بەزى ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئاجىز، چېچىلاڭغۇ بولۇپ، جەڭگىۋارلىقى كەمچىل بولغان، ھەتتا يادرولۇق رەھبەرلىك رولىنىمۇ يوقاتقان؛ بەزى ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت تەشكىلاتلىرى ئۆزلىرىنىڭ فۇنكسىيىسىنىمۇ تولۇق ئاتقۇرۇپ كېتەلمىگەن، كەنت دەرىجىلىك تەشكىلاتلارنىڭ خىزمەتلىرىنى تۇتۇشى كۈچلۈك بولمىغان؛ بەزى ئاساسىي قاتلام ئاممىۋى تەشكىلاتلار تېز مەيلىگە قويۇۋېتىلگەنلىكتىن، ئۇلار خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرمىغان؛ بەزى كەنت دەرىجىلىك تەشكىلاتلار ئۈزۈن مۇددەت ساغلاملاشتۇرۇلمىغانلىقتىن، جارى قىلدۇرۇشقا تېگىشلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرالمىغان؛ ئاساسىي قاتلام پارتىيە، ھاكىمىيەت تەشكىلاتلىرى ئىچىدە، ئىشلەپچىقىرىشنى تۇتۇش كۆپ، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى تۇتۇش ئاز، بىر قولدا يۇمشاق، بىر قولدا قاتتىق بولۇشتەك ئەھۋال ئومۇملىشىپ قالغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىر قانچە يىلدىن بۇيان، دىننى باشقۇرۇش قاتتىق بولمىغانلىقتىن، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر ئەۋج ئېلىپ كەتكەن، ھەتتا ئايرىم رەھبەرلەر يامان ئادەملەر بىلەن بىر ئېقىمدا بولغۇنۇپ، پارتىيىگە ئىنتايىن يامان تەسىرلەرنى كەلتۈرگەن. بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ بۇنىڭ جانلىق مىسالىدۇر، بۇ ئىنتايىن ئاچچىق ساۋاق.

نۆۋەتتە، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش، سوتسىيالىستىك ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەشتە، شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇشتا، يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە ئىسلاھات ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ھەر مىللەت دېھقان - چارۋىچىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

1. پارتىيىمىز ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنقىلابىي ئۇرۇش ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا رەھبەرلىك قىلىش جەريانىدا كەڭ دېھقانلار ئاممىسى بىلەن قويۇق ئالاقە ئورناتتى، دېھقانلار مەسىلىسى ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشتا باشتىن - ئاخىر تۈپ مەسىلە بولۇپ كەلدى. پارتىيىمىزنىڭ كەڭ دېھقانلار ئاممىسىنى جەلپ قىلىپ ۋە ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى تېز ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئاكتىپچانلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيىنىڭ سىياسىي لۇشيەنىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋە دېھقانلارنىڭ جانجان مەنپەئەتى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش - قىلالماسلىق ئىشلىرىمىزنىڭ غەلىبە قىلىش - قىلالماسلىقىنى بەلگىلەيدۇ. شۇڭا، ھازىرقى باسقۇچتا، دېھقانلار بىلەن بولغان قان بىلەن ئىگىشىشتەك زىچ مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىش ئىنتايىن مۇھىم بىر مەسىلىنى ياخشىلاش، ھەل قىلىشتا، پارتىيىنىڭ

يېزىلارغا قارىتىلغان تۈرلۈك سىياسەتلىرىنى قەتئىي ئىزچىل ئىجرا قىلغان، يېزا خىزمىتىگە ئەھمىيەت بەرگەندىن سىرت، ئەڭ مۇھىمى، پارتىيە تەشكىلاتى يادرو قىلىنغان يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، يېزا ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى پارتىيىنىڭ لۇشيەنىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، كەڭ دېھقان - چارۋىچىلارنى ئورتاق بېيىش يولىغا يېتەكلەيدىغان كۈچلۈك يادرو قىلىپ قۇرۇپ چىقىش لازىم.

2. مەملىكىتىمىز — ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىكىدىكى، ئىشچى - دېھقانلار ئىتتىپاقىنى ئاساس قىلغان خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسىدىكى سوتسىيالىستىك دۆلەت. دېھقانلار ئىشچىلار سىنىپىنىڭ تەبىئىي ئىتتىپاقداش قوشۇنى، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسلىق تايانچ كۈچى. مىليونلىغان دېھقانلارنىڭ ھىمايىسى ۋە قوللىشى بولمىسا، سوتسىيالىستىك ھاكىمىيەتنى قۇرغىلى بولمايدۇ، قۇرغان تەقدىردىمۇ، ئۇنى مۇستەھكەملىگىلى بولمايدۇ؛ مىليونلىغان دېھقانلارنىڭ قاتنىشىشى بولمىسا، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدۇ. پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئاساسى ئاساسىي قاتلامدا. يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار قۇرۇلۇشىنىڭ ياخشى - يامان بولۇشى ئىشچى - دېھقانلار ئىتتىپاقى ئاساس قىلىنغان سوتسىيالىستىك ھاكىمىيىتىمىزنى كۈچەيتىش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىياسىي مۇقىملىقىنى ساقلاش بىلەن ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئاپتونوم رايونىمىز — كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان چېگرا رايون، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرى ۋە دۆلەتنىڭ قانۇن - تۈزۈم، ئەمر - پەرمانلىرىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىشتىن ئىبارەت ئېغىر ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىپلا قالماستىن، يەنە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، مىللەتلەرنى ئورتاق گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئېغىر ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان. يېزىلاردىكى تۈرلۈك خىزمەتلەر، دېھقانلارنىڭ ھەر خىل پائالىيەتلىرى پارتىيە تەشكىلاتى يادرو قىلىنغان يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار ئارقىلىق كونكرېت تەشكىللىنىشى، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشى كېرەك. ئەگەر يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىمىز كۈچلۈك بولمىسا، دېھقانلار قۇمدەك چېچىلىپ كېتىدۇ - دە، پارتىيە رەھبەرلىكى قۇرۇق سۆزگە ئايلىنىپ قالىدۇ، ھاكىمىيىتىمىزنىڭ ئاساسى تەۋرەپ قالىدۇ، سوتسىيالىزم ئىشلىرىمىزدىن ئۈمىد قالمايدۇ.

3. ئاپتونوم رايونىمىز — دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان رايون. دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئېغىر سالماقنى ئىگىلەيدۇ، شۇنداقلا دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا مول تەبىئىي شارائىتلارغا ئىگىمىز. دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىشلىرى يۈكسەلگەندىلا، سانائەت، قۇرۇلۇش ۋە باشقا ئىشلارنىڭ تەرەققىياتى كۈچلۈك ماددىي ئاساسقا ئىگە بولىدۇ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشى ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىقىدىن ئۇدا 13 يىل مول ھوسۇل ئېلىنغان ئاساستا يەنە بىر پەللە ئۆرلەشتە، ئەڭ نېگىزلىك مەسىلە، كەڭ دېھقان - چارۋىچىلارغا تايىنىش مەسىلىسىدۇر. پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ ئائىلىۋى ئىشلەپچىقىرىش، ئىگىلىك باشقۇرۇش ئاكتىپلىقى بىلەن كوللېكتىپ ئىگىلىك باشقۇرۇش ئەۋزەللىكىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىشنى كەڭلىك ۋە چوڭقۇرلۇققا قاراپ راۋاجلاندۇرۇپ، يېزا ئىسلاھاتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېزا ئىقتىسادىنى ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. بۇ ئېغىر ۋەزىپە مۇقەررەر ھالدا يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلارنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەن، بۇ تەشكىلاتلار كەڭ دېھقانلارنى تەشكىللەيدۇ، سەپەرۋەر قىلىدۇ، شۇڭا، يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ رولىنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك، تېخىمۇ تولۇق جارى قىلدۇرالايدىغان قىلىش لازىم.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز يېزىلىرىدا سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە باشقا تەرەپلەردە چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەر بولدى. بەزى يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار

يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا خىزمەتلەرنى قانداق قانات يايدۇرۇشنى بىلەلمەي، قانات يايدۇرۇشقا تېگىشلىك پائالىيەتلەرنىمۇ ئۇنۇملۇك قانات يايدۇرالماي قالدى؛ بىر قىسىم يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ ساپاسى تۆۋەن، ئىدىيىۋى ئىستىلى، خىزمەت ئىستىلىدە بەزى مەسىلىلەر ساقلانغان، شۇ ۋەجىدىن، يېزىلاردا كادىرلار بىلەن ئامما ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە، پارتىيە، ھۆكۈمەت بىلەن دېھقان - چارۋىچىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە بىۋاسىتە تەسىر يەتتى؛ بىر مەزگىل ئىچىدە، يېزىلاردا ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بوشاشتۇرۇپ قويۇلدى، ھەتتا بەزى جايلاردا دىن سىياسىغا، قانۇنغا، نىكاھ ئىشلىرىغا ئارىلىشىدىغان ھادىسىلەر كۆرۈلدى. ئەگەر بۇ مەسىلىلەر ۋاقتىدا ھەل قىلىنمايدىكەن، پارتىيىنىڭ يېڭى دەۋردىكى يېزا خىزمىتىنىڭ تەلىپىگە ماسلاشقىلى، شۇنداقلا دېھقانلار ئاممىسىنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئورتاق بېيىش يولىغا مېڭىشتەك ئارزۇسىنىڭ تەلىپىگىمۇ ماسلاشقىلى بولمايدۇ. شۇڭا، نۆۋەتتە، يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى يېزا خىزمىتىدىكى مۇھىم شۇنداقلا تەخىرسىز ۋەزىپە سۈپىتىدە چىڭ، ياخشى تۇتۇشىمىز لازىم.

## ئىككىنچى لېكسىيە ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ يېزا قۇرۇلۇشى داۋامىدىكى يادرولۇق، رەھبەرلىك ئورنىنى تىكلەش — يېزا خىزمىتىنى ياخشىلاشنىڭ مۇھىم ھالقىسى

يېزىلىق (بازارلىق) پارتكوم ۋە كەنت پارتىيە ياچېيكىسى — جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتى، يېزىلاردىكى تۈرلۈك تەشكىلات ۋە تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ رەھبەرلىك يادروسى، پارتىيىنىڭ يېزىلاردىكى جەڭگىۋار قورغىنى، يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى — دېھقان - چارۋىچىلارنى يېتەكلەپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى ۋە يۇقىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك قارارلىرىنى قەتئىي تۈردە ئىزچىل ئىجرا قىلىش، پارتىيىنىڭ دېھقان، چارۋىچىلار بىلەن ئالاقىسىنى قويۇقلاشتۇرۇش، كەڭ دېھقان - چارۋىچىلارغا ياردەم قىلىپ، ئورتاق بېيىشتىن ئىبارەت سوتسىيالىزم يولىغا مېڭىش.

يېزا ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ يادرولۇق، رەھبەرلىك ئورنىدىن ئىبارەت بۇ بىر پرىنسىپنى ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەككى، ئۇنىڭغا ھەر قانداق ۋاقىتتا بىخودلۇق قىلىشقا ۋە ئۇنىڭدىن تەۋرىنىشكە ھەرگىز بولمايدۇ. بىرىنچى، بۇ، پارتىيىمىزنىڭ خاراكتېرى ۋە ئورنى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. پارتىيىمىز — ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى — جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئورگانىنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسىنىڭ تەركىبىي قىسمى. پارتىيىمىزنىڭ يېزا قۇرۇلۇشى ۋە ئىسلاھاتىغا بولغان رەھبەرلىكى ھەم مەركەز بېكىتكەن توغرا لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەرگە تايىنىش، ھەم ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىغا تايىنىش ئارقىلىق كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ ۋە ئەمەلگە ئاشىدۇ. يېزا ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى — پارتىيىنىڭ يېزىلاردىكى كەڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتى، پارتىيىنىڭ يېزىلاردىكى رەھبەرلىكىنىڭ گەۋدىلىنىشى. ئىككىنچى، يېزا ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ يادرولۇق، رەھبەرلىك رولى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنقىلابىي كۈرەش ۋە يېزىلاردىكى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش داۋامىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن. دېھقانلار پەقەت جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەتراپىدا ئىتتىپاقلاشقان، يېقىندىن ئەگىشىپ ماڭغاندىلا، ئاندىن قەد كۆتۈرۈپ ئازادلىققا ئېرىشەلەيدۇ، ھەقىقىي تۈردە ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇپ، بېيىش يولىغا ماڭالايدۇ. ئۆز نۆۋىتىدە ماركسىزم - لېنىنىزم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى بىلەن قوراللانغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىلا دېھقانلار ئاممىسىنىڭ يىراق كەلگۈسى مەنپەئىتى، تۈپ مەنپەئىتىگە ھەقىقىي ۋەكىللىك قىلالايدۇ،

دېھقانلارغا يېتەكچىلىك قىلىپ، ئۇششاق ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىبارەت تار كۆز قاراشقا خاتىمە بېرىپ، دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتى بىلەن پۈتكۈل مەملىكەت خەلقىنىڭ بىر پۈتۈن مەنپەئەتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنى بىرلىكتە قۇرۇپ چىقالايدۇ. ئۈچىنچى، بۇ، دۆلىتىمىز ۋە يېزىلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. يېزا — سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ مۇھىم بازىسى. سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، دىن قاتارلىق خىزمەتلەرنىڭ ھەممىسىگە پارتىيە تەشكىلاتى رەھبەرلىك قىلىدۇ، ئۇنى تەشكىللەيدۇ، پارتىيە تەشكىلاتى مەمۇرىي تەشكىلاتلار بىلەن تۈرلۈك ئىقتىسادىي، ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ماسلاشتۇرىدۇ ۋە يېزىلاردىكى تۈرلۈك زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىدۇ. يېزىلاردا يېزىلىق، بازارلىق پارتكوم ۋە كەنت پارتىيە ياچېيكىسىدىن ئىبارەت بۇ بىر رەھبەرلىك يادروسى بولمىسا، تۈرگۈن ئىشنى ھەل قىلماق تەس. قىسقىسى، يېزا ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ يادرولۇق، رەھبەرلىك رولى دېھقانلارنىڭ قەلبىدە تايانچلىق رول ئوينىماقتا. بارىن يېزىسىدىكى ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ يۈز بېرىشنىڭ ئالدى ۋە كەينىدە دېھقانلار: «پارتىيە تەشكىلاتلىرى نەگە كەتتى، نېمىشقا بۇنداق ئىشلار بىلەن كارى بولمايدۇ؟» دېيىشىپ، مۇھىم ھالقىلىق پەيتتە پارتىيىنى ئويلىغان، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىگە تەشنا بولغان. بۇ، پارتىيىنىڭ يېزىلاردىكى يادرولۇق، رەھبەرلىك ئورنىنى ھەر قانداق كۈچ دەسسىيەلمەيدىغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن تەۋرىنىشكە بولمايدىغانلىقىنى تولۇق ئىسپاتلىدى.

يېزا ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىدا، بىز يېزىلىق، بازارلىق پارتكوم قۇرۇلۇشى ۋە كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت مۇشۇ ئىككى قاتلامدىن تۇتۇش قىلىشىمىز لازىم. بۇنىڭ مۇھىم ھالقىسى — يېزىلىق، بازارلىق پارتكوملارنىڭ قۇرۇلۇشىنى تۇتۇشتىن ئىبارەت. بىرىنچى، يېزىلىق، بازارلىق پارتكوملار ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىگىنى كۈچەيتىپ، يادرولۇق، رەھبەرلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇشى، يۇقىرى دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ تۈرلۈك قارارلىرىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىشى كېرەك؛ ئىككىنچى، ئۆز رايونىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى ئۈستىدە دائىم تەھلىل يۈرگۈزۈپ، شۇ رايونىنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، جەمئىيەت قاتارلىق زور مەسىلىلەرگە بولغان بىر تۇتاش رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىشى، مۇھىم فاڭجېننى تۇتۇشى كېرەك؛ ئۈچىنچى، يېزىلىق، بازارلىق پارتكوملارنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرىدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئوبدان يولغا قويغان، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش قاتارلىق چوڭ ھەق، چوڭ ناھەق مەسىلىسىدە مەيدانى مۇستەھكەم بولغان، سىياسىي جەھەتتە كۈچلۈك، ئىقتىدارلىق، ئەمەلىي تەجرىبىگە ئىگە، ئامما بىلەن ئالاقە باغلايدىغان، پاك - دىيانەتلىك پارتىيىلىك كادىرلارنى ئاللاپ، يېزىلىق، بازارلىق پارتكوملارنىڭ شۇجىلىقىغا قويۇپ، شۇلار ئارقىلىق پارتكومدىكى بىر بەن ئادەمگە يېتەكچىلىك قىلىش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پارتكومدىكى بىر بەن ئادەمنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئاجىز، ھورۇن، چېچىلاڭغۇ بەنزىنى قەتئىي تەرتىپكە سېلىش كېرەك.

كەنت پارتىيە ياچېيكىلىرىنىڭ يېزىلاردىكى يادرولۇق، رەھبەرلىك رولى ئىنتايىن مۇھىم. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا «نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش ئۈچۈن، چوقۇم بىر ياخشى ياچېيكا بولۇشى لازىم» دەيدىغان گەپلەر ئومۇمىيۈزلۈك تارقالماقتا. بەزى نامرات رايونلاردىكى ئامما: «يارىدەم بېرىپ ھال - ئەھۋال سورىغاندىن كۆرە، ياخشى بىر ياچېيكىنىڭ بولغىنى تۈزۈك» دېيىشمەكتە. بۇ — كەڭ دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئەمەلىيەت داۋامىدا ئېرىشكەن ئورتاق تونۇشى، كەڭ دېھقان - چارۋىچىلار بارغانسېرى شۇنى ئېنىق تونۇپ يەتمەكتىكى، يېزىلاردا ئىسلاھات چوڭقۇرلىشىۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتتە، پەقەت پارتىيە ياچېيكىسىنى ئوبدان قۇرغاندىلا، يېزا ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، قۇرۇلۇشنىڭ تەرەققىياتى ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى، ئىلگىرىلىشى ئاندىن قۇدرەتلىك تەشكىلىي كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ. كەنت دەرىجىلىك پارتىيە ياچېيكىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى يېزىلاردىكى يېڭى ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن بولۇشى،

قۇدرەتلىك، تولۇپ - تاشقان ھاياتىي كۈچكە ئىگە رەھبەرلىك يادروسى تەشكىللىنىشى لازىم. بىرىنچى، كەنت پارتىيە ياچېيكىسى — پارتىيىمىزنىڭ يېزا ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق قىسمى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، پارتىيە ياچېيكىلىرىنىڭ يادرولۇق، رەھبەرلىك ئورنىنى تېخىمۇ ئوبدان تىكلەپ، ئۇنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ۋە باشقا كەنت دەرىجىلىك تەشكىلاتلار ھەممە كەنتتىكى ئۇرۇلۇك خىزمەتلەرگە بىر ئۇتاش رەھبەرلىك قىلىشقا قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن، كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىدىن پارتىيە ياچېيكىسى (پارتىيە ئەزالىرى 50 نەپەردىن ئاشقانلىرىدا باش ياچېيكا) قۇرۇلسا، كەنت ئاھالە گۇرۇپپىلىرىدا پارتىيە گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلسا بولىدۇ. كەنت پارتىيە ياچېيكىلىرى (ياكى باش ياچېيكا) كەڭ دېھقان - چارۋىچىلارنى تەشكىللەپ ۋە سەپەرۋەر قىلىپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇشى، يۇقىرىنىڭ قارارىنى ئىجرا قىلىشى؛ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئوبدان ئېلىپ بېرىپ، قەتئىي بوشاشماي سوتسىيالىستىك ئىدىيە ئارقىلىق دېھقان - چارۋىچىلارنى تەربىيىلىشى لازىم. ئىككىنچى، پارتىيە ياچېيكىلىرىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش. ئالدى بىلەن بىر ياخشى رەھبەرلىك بەنزىسىنى تاللاپ سەپلەپ، ياچېيكىنىڭ كوللېكتىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ۋە مۇكەممەللەشتۇرۇش كېرەك. سىياسىي جەھەتتە كۈچلۈك، خىزمەتتە ئاكتىپ، تىرىشچان، دېھقان - چارۋىچىلار ئۈچۈن قىزغىن خىزمەت قىلىدىغان، ئادىل، پاك - دىيانەتلىك، ئاممىنى ئورتاق بېيىشقا يېتەكلەيدىغان ياچېيكا شۇجىسىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشكە ۋە تاللاشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم. پارتىيە ئەزالىرى يىغىنى، پارتىيە گۇرۇپپىسى يىغىنى، ياچېيكا ھەيئەتلىرى يىغىنى ۋە پارتىيە دەرسى ئۆتۈش تۈزۈمى، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئالاقە باغلاش تۈزۈمى، پارتىيە ئەزالىرىنى دېموكراتىك باھالاش تۈزۈملىرىنى ئورغۇزۇش ۋە مۇكەممەللەشتۇرۇش كېرەك. پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ خىزمىتىگە نىسبەتەن ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى، نىشانلىق مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى يۈرگۈزۈش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پارتىيە ئەزالىرىغا بولغان تەربىيە ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق ارى قىلدۇرۇش كېرەك. ئۈچىنچى، پارتىيىگە كىرىشنى تەلەپ قىلغان ئاكتىپلارنى تەربىيىلەش ۋە پارتىيىگە قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش لازىم. بىر تەرەپتىن، مۇنەۋۋەر دېھقان - چارۋىچىلارنى پارتىيىگە ۋاقتىدا قوبۇل قىلىپ، پارتىيىنى يېڭى قان بىلەن تەمىن ئېتىش؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ پاكلىقى ۋە ئىلغارلىقىنى ساقلاش ئۈچۈن، پارتىيە ئىچىدىكى چىرىكلەشكەنلەرنى ۋاقتىدا تازىلاش، ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان پارتىيە ئەزالىرىنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلىش، لاياقەتسىز پارتىيە ئەزالىرىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش لازىم.

## ئۈچىنچى لىكسىيە يېزىلاردا ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتى يادرو قىلىنغان ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلارنى يۈرۈشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن ئوبدان تۇتۇش كېرەك

يېزىلاردا پارتىيە رەھبەرلىكى پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ يادرولۇق رەھبەرلىك ئورنى ئارقىلىق گەۋدىلىنىدۇ، يېزىلاردا پارتىيە تەشكىلاتى يادرو قىلىنغان ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلارنى يۈرۈشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى ئوبدان تۇتۇش، مۇھىم نۇقتىنى پارتىيە تەشكىلاتى يادرو قىلىنغان بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈشكە ۋە يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلارنىڭ ئومۇمىي ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە قارىتىش كېرەك. يېزا - بازارلىق پارتكوملار ئۆز قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يۈرۈشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى چوقۇم ياخشى ئىشلىشى كېرەك، يېزا - بازارلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ قانۇنىي ئورنىغا ھۆرمەت قىلىپ، پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىزغا سېلىپ، ئۇلارنىڭ يەرلىك تەشكىلاتلار قانۇندىكى بەلگىلىمەلەر بويىچە يەرلىك مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى قوللىشى كېرەك. كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، يۇقىرى

دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتى ۋە ئاياللار تەشكىلاتىغا ماسلىشىپ، يېزا - بازار دەرىجىلىك ئىتتىپاق، ئاياللار تەشكىلاتى ئاپپاراتلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم، ئۇلارنىڭ كادىرلىرىنى خالىغانچە ئاجراتماسلىق، ئۇلارنىڭ پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ يېزىلاردىكى مەركىزىي ۋەزىپىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئۆزلىرىنىڭ نىزامنامىسى بويىچە، مۇستەقىل، ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولغان ھالدا خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشىنى ھەقىقىي قوللاش كېرەك. كەنت دەرىجىلىك تەشكىلاتلارنى يۈرۈشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىدا جايلار مەملىكەتلىك كەنت دەرىجىلىك تەشكىلات خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ خۇلاسىسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ياخشى تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل قوبۇل قىلىپ، جايلار ئۆز ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن، ھەر قايسى تەشكىلاتلار ئارىسىدىكى ئىچكى مۇناسىۋەتنى ئىنىق سىلىشى لازىم. سەندۇڭ ئۆلكىسى سەنشى ناھىيىسىنىڭ بىر مۇھىم تەجرىبىسى شۇكى، پارتىيە تەشكىلى يادرو قىلىنغان، كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى ئاپاىنج قىلىنغان، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ياردەمچى قىلىنغان، ئاياللار ۋە خەلق ئەسكەرلىرى قاتارلىق ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ رولى جارى قىلدۇرۇلغان يۈرۈشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇپ، كەنت دەرىجىلىك تەشكىلاتلارنىڭ ئومۇمىي ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، بىرىكمە كۈچ ھاسىل قىلىپ، يېزىلاردىكى خىزمەتلەرنى بىرلىكتە ياخشى ئىشلەپ، كەنت دەرىجىلىك تەشكىلاتلارنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئاشۇرۇش. ئۇلارنىڭ تەجرىبىسى بىزنىڭ پايدىلىنىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار مۇكەممەل بىر سىستېما. بۇ سىستېمىدا، پارتىيە تەشكىلاتى يادرولۇق ئورۇندا تۇرىدۇ، ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتى، ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىدىغان تەشكىلاتلار، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسى، خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلاتى ۋە بىرلىكسەپ تەشكىلاتلىرى بۇ سىستېمىنى شەكىللەندۈرىدىغان مۇھىم تەرەپ. بۇ سىستېمىنىڭ ئومۇمىي ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، مۇنداق ئىككى ئاكتىپچانلىقنى قوزغاش لازىم. بىرى، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ يادرولۇق رەھبەرلىكى، بىرلىككە كەلگەن، ماسلاشقان، ئاكتىپچانلىقى؛ يەنە بىرى، باشقا تەشكىلاتلارنىڭ پارتىيە رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇش ئاكتىپچانلىقى. بۇ ئىككىسىدىن بىرى كەم بولسا بولمايدۇ. يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەتلەر، ئۆزىنى - ئۆزى ئىدارە قىلىش تەشكىلاتلىرى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسى، خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلاتلىرى چوقۇم ئۆزلىرىنى پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىغا قويۇشى، ئاڭلىق ھالدا تەڭ دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتىغا خىزمەتتىكى مۇھىم ئەھۋاللارنى دوكلات قىلىپ، پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە نازارىتىنى قوبۇل قىلىشى ھەمدە ئۆز خىزمىتىنى دادىل قانات يايدۇرۇشى لازىم.

ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتى — دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ مۇھىم تەشكىلىي قىسمى، خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسىنىڭ ئاساسى. يېزىلاردا يېزا - بازارلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرى سوتسىيالىستىك ھاكىمىيەتنىڭ كونكرېت گەۋدىلىنىشى، ئۇنى چوقۇم ياخشى قۇرۇش كېرەك. كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىدىغان تەشكىلات بولۇپ، كەڭ دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئارىسىدا بولىدۇ، ئۇ پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ دېھقان - چارۋىچىلار بىلەن ئالاقە باغلىشىدىكى مۇھىم ۋاستە، ئۇنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش دېھقان - چارۋىچىلارنى يېزىلاردىكى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا ئاكتىپ قاتنىشىشقا ئۇيۇشتۇرۇش، تەشكىللەش ۋە سەپەرۋەر قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

يېزىلاردا كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى تەشكىلاتى پارتىيىنىڭ كۈچلۈك ياردەمچىسى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ يېزىلاردىكى ياشلار بىلەن ئالاقە باغلىشىدىكى ئەڭ بىۋاستە كۆۋرۈك. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى چوقۇم يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرىنى ياخشى قۇرۇشقا ياردەملىشىپ، ئىتتىپاق تەشكىلىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسىنى پىلانلىق، قەدەم - باسقۇچلۇق ھالدا تەرتىپكە سېلىش، قۇرۇش، ئىتتىپاق ئەزالىرى قوشۇنىنى تەرتىپكە سېلىش، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ

قائىدە - تۈزۈملىرىنى ئورنىتىش، مۇكەممەللەشتۈرۈش ئارقىلىق، ئۇلارنى باي، مەدەنىيەتلىك سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش جەريانىدا، زەربىدار قوشۇنلۇق رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدۇرۇش لازىم.

يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام ئاياللار تەشكىلاتلىرى يېزىلاردىكى ئاياللار بىلەن بىۋاسىتە ئالاقە باغلايدىغان ۋە ئۇلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان تەشكىلات، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ يېزىلاردىكى ئاياللار بىلەن ئالاقە باغلايدىغان كۆۋرۈك ۋە ۋاستە، پارتىيىنىڭ ئاياللار خىزمىتىنىڭ ئاساسىي ۋە ھاياتىي كۈچىنىڭ مەنبەسى. يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام ئاياللار تەشكىلاتلىرىنى كۈچەيتىشتە، ئالدى بىلەن، پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، جايلاردىكى يېزا، كەنت دەرىجىلىك ئاياللار تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئۇنىڭغا ئاياللار خىزمىتىنى قىزغىن سۆيىدىغان، ئىقتىدارلىق ئايال كادىرلارنى سەپلەش لازىم؛ ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ نىزامنامىسىنى ۋە «يېزا ئاساسىي قاتلام ئاياللار قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمەت نىزامى»نى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاجىز، چېچىلاڭغۇ بولغان ئاياللار تەشكىلاتلىرىنى تەرتىپكە سېلىش لازىم. جايلاردىكى ئاياللار تەشكىلاتلىرى ئاياللار تەشكىلاتلىرىنىڭ خىزمەت ئالاھىدىلىكلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، پارتىيە تەشكىلىگە ماسلىشىپ، ئاياللار خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى، ئاياللار تەشكىلاتىنىڭ ئۆزى ئۆستىدىكى ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇشنى پائال ئېلىپ بېرىشى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەۋقەنى يېزا ئاياللىرى ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىشكە، ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشكە قارىتىشى لازىم، يېزا ئاياللىرىنىڭ يېزا ئىسلاھاتى، يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى بەش چوڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش لازىم، ئۆزىنى قەدىرلەش، ئۆزىگە ئىشىنىش، ئۆز ئورنىنى تىكلەش، ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش پائالىيىتىنى داۋاملىق چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش، پارتىيىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىش، ئاياللارنىڭ، بالىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش، فېئودال خۇراپاتلىق ۋە قالاق ئۆرپ - ئادەتلەرگە تاقابىل تۇرۇش، توي - تۆكۈننى يېڭىچە ئۆتكۈزۈشنى تەشەببۇس قىلىش، كونا قائىدە - يوسۇنلارنى ئۆزگەرتىش، ئاياللار، بالىلارغا زىيانكەشلىك قىلىدىغان جەمئىيەتتىكى رەزىل قىلمىشلار ۋە قانۇنغا خىلاپ جىنايى قىلمىشلارغا قارشى كۈرەش قىلىش لازىم، يېزىلاردىكى ئاياللارنى تەشكىللەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزىلىرىدىكى ئاياللار خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەش لازىم.

# تۆتىنچى لېكسىيە ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى تاللاش ۋە يېتىشتۈرۈش ئاپتونوم رايونىمىز ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى

دېھقان - چارۋىچىلار ئۈچۈن قىزغىن خىزمەت قىلىدىغان زور تۈركۈمدىكى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى تاللاپ ۋە يېتىشتۈرۈپ، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى كۈچلۈك ئاساسىي قاتلام كادىرلار قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقىش — ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى.

ئۆۋەتتىكى ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام كادىرلار قوشۇنىنىڭ ئەھۋالى بىر قەدەر ياخشى، مۇتلەق زور كۆپچىلىك ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىل ئىجرا قىلالايدۇ، يۇقىرىدىن تاپشۇرۇلغان تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ، سىياسىي جەھەتتە قەتئىي، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدايدۇ، كەڭ دېھقان - چارۋىچىلارنى ئاكتىپ يېتەكلەپ، ئورتاق بېيىش يولىغا ماڭىدۇ. بۇ — ئاساسىي ئېقىم. لېكىن شۇنىمۇ كۆزدىن ساقىت قىلماسلىقىمىز كېرەككى، بەزى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى مەزمۇنىدە لىك بىلەن زورلۇق - زومبۇلۇق

قىلىپ، ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىپ، پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ دېھقان - چارۋىچىلار ئارىسىدىكى ئىناۋىتىگە ئېغىر دەرىجىدە داغ تەگكۈزدى، پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلدى. شۇڭلاشقا، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە تەرتىپكە سېلىش داۋامىدا، ئالدى بىلەن يېزىلاردىكى ھازىر بار بولغان ئاساسىي قاتلام كادىرلار قوشۇنىنى بىر قېتىم ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ چىقىشى لازىم. ئەتىجىسى گەۋدىلىك، تۆھپىسى زور، پاك - دىيانەتلىك بولۇپ دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى تەقدىرلەش ۋە ئۇلارغا ئىلھام بېرىش لازىم؛ يېزىدا ئىشلىگىنىگە ئۇزاق بولغان، بەزى كەمچىلىكلەرنى ئۆتكۈزگەن كادىرلارغا سەۋرچانلىق بىلەن ياردەم بېرىش لازىم، ئاممىدىن ئېغىر دەرىجىدە ئايرىلغان، ئىدىيە ۋە ئىستىلدا سۈرەلمىلىك قىلغان كادىرلارغا تەنقىد ۋە تەربىيە بېرىشنى ئاساس قىلىش لازىم؛ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ ئىنتىزامنى بۇزغان ئايرىم كادىرلارنى قەتئىي بىر تەرەپ قىلىش لازىم. يۇقىرىدىكى ئەھۋاللارغا نىسبەتەن سىياسەت چېكىنى چىڭ تۇتۇپ، پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش كېرەك.

يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام كادىرلار قوشۇنىنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش — دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنى تەرتىپكە سېلىشنىڭ مۇھىم ھالقىسى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام كادىرلار قوشۇنىنىڭ قۇرۇلمىسى ئاساسىي جەھەتتىن ئۈچ خىلغا بۆلۈنىدۇ: بىرىنچى خىلى، يېزا خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن بىر تۈركۈم پېشقەدەم يولداشلار بار. ئۇلار مول يېزا خىزمىتى تەجرىبىسىگە ئىگە، ئامما ئارىسىدىكى ئىناۋىتى يۇقىرى، پارتىيە ئىشلىرى يولىدا يېزىلاردا نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن، نەتىجىسى گەۋدىلىك، ئۈچمەس تۆھپە قوشقان؛ ئىككىنچى خىلى، 60 - يىللاردىن كېيىن ئۆسۈپ يېتىلگەن ئوتتۇرا ياش كادىرلار. ئۇلار ھەم «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نى باشتىن ئۆتكۈزگەن، ھەم ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ تەجرىبىسىگە ئىگە. ئۇلار — كەنت دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ تايانچىسى؛ ئۈچىنچى خىلى، يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان كادىر بولغان ياشلار. ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى بار، ئىشتا قىزغىن. بۇ ئۈچ خىلدىكى كادىرلارنىڭ ھەر قايسىسىنىڭ ئۆزىگە لايىق ئارتۇقچىلىقلىرى بار، يېتەرسىزلىكلىرىمۇ بار. ياش جەھەتتىكى چوڭلۇق، مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلىكى، خىزمەت تەجرىبىسىنىڭ يېتەرسىزلىكى — كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلمىسىدا ساقلىنىۋاتقان ئورتاق مەسىلە. شۇڭلاشقا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە، كادىرلار قوشۇنىنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، ئىلمىي، ئەقلىغە مۇۋاپىق، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كادىرلار قۇرۇلمىسى سىستېمىسىنى تەدرىجىي بەرپا قىلىش لازىم.

كادىرلار قۇرۇلمىسى دېگەندە، تۈرلۈك ئوخشاش بولمىغان خاراكتېردىكى كادىرلارنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسى نەزەردە تۇتۇلىدۇ. ئۇ ياش قۇرۇلمىسى، بىلىم قۇرۇلمىسى، كەسىپ قۇرۇلمىسى، ئەقىل - قابىلىيەت قۇرۇلمىسى ۋە خىسلەت قۇرۇلمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىلمىي، ئەقلىغە مۇۋاپىق بولغان، ئەڭ ياخشى بىر پۈتۈن قۇرۇلما ياش جەھەتتىكى پەلەمپەيسىمان قۇرۇلما بىلەن بىلىمنىڭ بىر - بىرىنى تولۇقلىشى ھەمدە خىسلەتنىڭ ماسلىشىش قۇرۇلمىسىنىڭ بىرلىكى بولۇشى كېرەك. جايلار ئوخشاش بولمىغان ئەھۋالغا ئاساسەن، كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلمىسىنى تەدرىجىي تەڭشەپ، ئۇنى ئىمكان قەدەر ئەقلىغە مۇۋاپىق، ئىلمىي بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم.

يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام كادىرلارنىڭ سىياسىي، كەسپىي ساپاسى ۋە باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئىمكان قەدەر تېز ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، جايلار كۆپ خىل تەدبىر قوللىنىپ، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى مۇددەت ۋە تۈركۈمگە بۆلۈپ تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش كېرەك. تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشنىڭ مەزمۇنى — ماركسىزمنىڭ ئاساس نەزەرىيىسى، پارتىيىنىڭ ئاساسىي بىلىملىرى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى تەربىيىسىنى، پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قارىتىلغان مۇناسىۋەتلىك فاڭجېن، سىياسەتلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك قانۇن

بىلىملىرى، يېزا خىزمەت ئۇسۇلى ۋە زامانىۋى باشقۇرۇش بىلىملىرى ھەمدە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا مۇناسىۋەتلىك پەننىي بىلىملەر قاتارلىقلار بولۇشى كېرەك.

ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرى دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشنى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە مەكتەپلىرىنىڭ تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش پىلانىغا كىرگۈزۈشى لازىم. ناھىيىلىك، يېزىلىق پارتىيە مەكتەپلىرى قىشلىق بوش ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، يېزا، كەنت دەرىجىلىك كادىرلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئېچىپ، يېزا، كەنت دەرىجىلىك كادىرلارنى مۇددەت ۋە تۈركۈملەرگە بۆلۈپ تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشى لازىم. شەرت ـ شارائىتى بار جايلار ئارىلاپ يۈرۈپ دەرس ئۆتۈش، تەكلىپ قىلىپ دەرس ئۆتۈش ئۇسۇلىنى قوللانسىمۇ بولىدۇ، جايلار يەنە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، نۆۋەتتە رايونىمىزنىڭ مۇقىملىق خىزمىتىنى ئۆتۈشقا زىچ ماسلىشىشى لازىم. ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى تەربىيىسىنى، يولداش جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرگەن چاغدا قىلغان سۆزىنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار قۇرۇلۇشى خىزمىتى يىغىنىنىڭ ئۆگىنىش ماتېرىياللىرىنى تەربىيىلەش مەزمۇنىغا قوشۇپ كىرگۈزۈش كېرەك.

## بەشىنچى لېكسىيە يېزا ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتىنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم

يېزا ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتى — خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتى، يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. يېزا ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، يېزا ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتىنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش — دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى.

### بىرىنچى، يېزا ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتىنىڭ مۇھىم فۇنكسىيىسى

يېزا ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتى — دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتى، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ يېزىلاردىكى تۈرلۈك خىزمەتلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئۆتكىسى. پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قارىتىلغان لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى ۋە دۆلەتنىڭ ئەمىر ـ پەرمانلىرى شۇنىڭدەك يۇقىرىنىڭ تۈرلۈك ۋەزىپىلىرى ئاخىرىسىدا يېزا ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەتلىرى ئارقىلىق ئىزچىللىشىدۇ. يېزا ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتى كەڭ دېھقانلار ئاممىسىغا ئەڭ يېقىن، ئۇلارنىڭ پىكىر ۋە تەلەپلىرىنى ۋاقتىدا ئىنكاس قىلالايدۇ. ئۇ — پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ دېھقانلار ئاممىسى بىلەن ئالاقە باغلىشىدىكى ۋاستە. يېزا ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتى يەنە يېزىلاردا سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى قانات يايدۇرۇش ۋە سوتسىيالىستىك قانۇن ـ تۈزۈمنى كۈچەيتىشتە مۇھىم ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان، كەڭ دېھقانلار ئاممىسى يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرى ئارقىلىق ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولالايدۇ.

يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى ئىچىدە، يېزىلىق (بازارلىق) خەلق ھۆكۈمەتلىرى يېزا ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت تەشكىلاتى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئاساسەن مۇنداق مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان: ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قارارى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلىرىنىڭ قارار ۋە بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىدۇ، قارار ۋە بۇيرۇق چىقىرىدۇ؛ ئۆز مەمۇرىي رايونى تەۋەسىدىكى ئىقتىساد ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتى توغرىسىدىكى پىلان ۋە خام چوتنى ئىجرا قىلىدۇ، ئۆز مەمۇرىي رايونى تەۋەسىدىكى ئىقتىساد، مائارىپ، پەن،

مەدەنىيەت، سەھىيە، رادىئو - تېلېۋىزىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى ۋە مالىيە، خەلق ئىشلىرى، جامائەت خەۋپسىزلىكى، ئەدلىيە مەمۇرىيىتى، پىلانلىق تۇغۇت قاتارلىق مەمۇرىي ئىشلارنى باشقۇرىدۇ؛ سوتسىيالىستىك ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى مال - مۈلۈكنى ۋە ئەمگەكچى ئاممىنىڭ كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى مال - مۈلكىنى قوغدايدۇ، پۇقرالارنىڭ شەخس ئىگىدارچىلىقىدىكى قانۇنلۇق مال - مۈلكىنى قوغدايدۇ، جەمئىيەت تەرتىپىنى قوغدايدۇ، پۇقرالارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى، دېموكراتىك ھوقۇقى ۋە باشقا ھوقۇقلىرىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ؛ يېزىلاردىكى كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتلارنىڭ ھەقلىق يوسۇندىكى ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ؛ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىدۇ؛ كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشى، كەسپىي قۇرۇلۇشى ۋە تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى ياخشىلىشىغا ياردەم قىلىدۇ.

## ئىككىنچى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېزا ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى

ئاپتونوم رايونىمىزدا 1984 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ مەمۇرىيەت بىلەن گۇڭشېنى ئايرىپ، يېزىلىق ھۆكۈمەت قۇرۇش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلىپ، 1985 - يىلى باھاردا ئاساسىي جەھەتتىن ئاخىرلاشقان ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە قىسمەن يېزا (بازار)لار كەينى - كەينىدىن تەڭشىلىپ، بۆلۈپ تەسىس قىلىندى ياكى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ بىرلەشتۈرۈلدى. ھازىر رايون تەسىس قىلىنمىغان جەمئىي 14 شەھەر، شەھەرگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئالتە رايون، 710 يېزا (40 مىللىي يېزا بۇنىڭ ئىچىدە)، 126 بازار بار. بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، يېزا (بازار) ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ھەر قايسى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ يېقىندىن ماسلىشىشى ھەمدە كەڭ ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە، يېزا ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۈچەيدى، ئۇنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنىڭ جارى قىلىنىشى زور دەرىجىدە ئاشتى. ئۇنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىلىرى: ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا نىسبەتەن رەھبەرلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ يېزىلاردىكى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى بىر قاتار فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئاساسىي قاتلاملارغىچە ئەمەلىيلەشتۈردى ۋە يېزا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى؛ كوللېكتىپ مۈلۈككە نىسبەتەن ۋەسىيلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، يېزىلاردىكى كوللېكتىپ ئىگىلىكنىڭ جامائەت جۇغلانمىسىغا ئاساسىي جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلدى؛ ئىجتىمائىي باشقۇرۇش، ئىجتىمائىي كەسىپ، ئىجتىمائىي مۇلازىمەتلەرگە نىسبەتەن تەشكىللەش رولىنى ئويناپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈردى. جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغدىدى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتتى؛ كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىغا نىسبەتەن يېتەكچىلىك رولىنى جارى قىلدۇردى.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، رايونىمىزدىكى ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت تەشكىلاتلىرىنىڭ ئەھۋالى ياخشى ۋە بىر قەدەر ياخشى. لېكىن بەزى مەسىلىلەرمۇ مەۋجۇت، ئۇنىڭ ئاساسىي ئىپادىلىرى: يېزا (بازار) دەرىجىلىك پارتىيە، مەمۇرىيەت، كارخانىلارنىڭ مۇناسىۋىتى تېخى تامامەن ئىزىغا چۈشمىدى؛ سىستېما ۋە بۆلەكلەر بويىچە بۆلۈپ باشقۇرۇش ھېلىھەم بىر قەدەر ئېغىر، ھوقۇق ناھىيىلىك (شەھەرلىك) پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەت تارماقلىرىغا ھەددىدىن زىيادە مەركەزلەشكەن بولۇپ، يېزا (بازار) ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتىنىڭ فۇنكسىيىلىك رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلمايۋاتىدۇ؛ بەزى ناھىيە (شەھەر)لەردە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ (1986) 25 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھى بويىچە يېزىلىق (بازارلىق) ھۆكۈمەتلەرگە كادىر سەپلەپ بېرىش ئىشى ئېلىپ بېرىلدى، قىسمەن كادىرلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى تۆۋەن، كەسپىي قابىلىيىتى بىر قەدەر ناچار؛ كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى

قاتارلىق ئاممىنىڭ ئۆزىنى ئىدارە قىلىش تەشكىلاتلىرىنى قوللاش يېتەرلىك بولمايۋاتىدۇ، يېتەكچىلىك قىلىش دېگەندەك كۈچلۈك ئەمەس، ئاپپاراتلار مۇكەممەل ئەمەس، بەزى ئاممىنىڭ ئۆزىنى ئىدارە قىلىش تەشكىلاتلىرى پالەچ، يېرىم پالەچ ھالىتىدە تۇرماقتا. شۇڭلاشقا، بەزى ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت تەشكىلاتلىرىنى ئىدىيە ۋە تەشكىلىي جەھەتتە تەرتىپكە سېلىش تولىمۇ جىددىي ئىش. يېزا ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت تەشكىلاتلىرى جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىدىيىسىنى تىكلەپ، دېھقانلار ئاممىسى بىلەن ئالاقە باغلاش ئىستىلىنى ساقلاپ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئويلىغىنىنى ئويلاپ، ئۇلارنىڭ ئالدىرىغىنىغا ئالدىراپ، ماكرو جەھەتتىن دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىنى تەشكىللىشى، ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىشى ھەمدە تۈرلۈك ئىجتىمائىي مۇلازىمەتنى ياخشىلىشى لازىم.

## ئۈچىنچى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېزا ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتىنىڭ فۇنكسىيىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ساغلاملاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم

1. دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى يېزا (بازار) خىزمىتىنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسى سۈپىتىدە تۇتۇش كېرەك. يېزىلىق (بازارلىق) خەلق ھۆكۈمەتلىرى تۆز مەمۇرىي رايونى تەۋەسىدىكى ئىقتىساد ۋە جەمئىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پىلانىنى تۈزۈشى ھەمدە ئۇنى تەشكىللەپ ئىشقا ئاشۇرۇشى؛ تۆز مەمۇرىي رايونى تەۋەسىدىكى يېزا، كەنت، ھەر قايسى ئىقتىسادىي تەشكىلاتلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تۈزۈتۈپ ماسلاشتۇرۇشى؛ ھەر قايسى ئىقتىسادىي تەشكىلاتلار ۋە يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ دۆلەتنىڭ قانۇنى، قائىدە - نىزامى ۋە سىياسەتلىرىنى ئەمەلىيەتتە ئىجرا قىلىش ئەھۋالىغا نازارەت قىلىشى؛ ھەر قايسى ئىقتىسادىي تەشكىلاتلار ۋە يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ قانۇنلۇق ئىقتىسادىي ھوقۇق - مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلىشى؛ ئىگىلىك باشقۇرۇش خىزمىتى شۇنىڭدەك ئېچىش، كىرگۈزۈش، ئومۇملاشتۇرۇش ھەمدە پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى باشقۇرۇش قاتارلىقلارنى ئوبدان ئىشلىشى لازىم.

2. يېزا (بازار) لاردىكى پارتىيە، مەمۇرىيەت ۋە كارخانىلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئېنىق سېلىش كېرەك. پارتىيە بىلەن مەمۇرىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىدە ئاساسەن پارتىيە بىلەن مەمۇرىيەتنىڭ فۇنكسىيىسى نۇقتىسىدىن ئېنىق سېلىشقا، يېزىلىق پارتكومنىڭ يېزىلىق ھۆكۈمەتكە بولغان رەھبەرلىكىنى، ئاساسەن سىياسىي، ئىدىيە ۋە فاكىجىن، سىياسەت جەھەتتىكى رەھبەرلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە باشقا مەمۇرىي ئىشلارنى دادىل تۇتۇشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. يېزىلىق (بازارلىق) ھۆكۈمەتلەر بىلەن كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتلاردا مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىلارنى ئايرىش لازىم. يېزىلىق (بازارلىق) خەلق ھۆكۈمەتلىرى كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتلارنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، ئىگىلىك باشقۇرۇش پائالىيەتلىرىگە ئارىلاشماسلىقى، ھەممە ئىشنى ئۆز ئالدىغا تارتىۋالماسلىقى كېرەك.

3. مەمۇرىي ئورگانلارنى ئىخچاملاش — ھوقۇقنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈشنى داۋاملىق ئېلىپ بېرىپ، يېزىلىق (بازارلىق) ھاكىمىيەت فۇنكسىيىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، سىستېما ۋە بۆلەكلەرگە بۆلۈپ باشقۇرۇش ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىش كېرەك. بىرىنچى، ناھىيە (شەھەر) لەردىن يېزا (بازار) لارغا ئەۋەتىلىدىغان شۆبە ئاپپاراتلارنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈش مەسىلىسى. مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، ئومۇمەن يېزا (بازار) لارغا چۈشۈرۈشكە بولىدىغانلىكى ئاپپارات ۋە ھوقۇقنى چۈشۈرۈپ بېرىلگەن يېزا (بازار) بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىدۇ ۋە باشقۇرىدۇ، ئاز ساندىكى ناھىيىدىن مەركەزلەشتۈرۈپ بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىشقا تېگىشلىكلىرىگە

يەنىلا مەركەزلەشتۈرۈپ بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىنىدۇ. ئىككىنچى، يېزا (بازار)لارنىڭ مالىيە مەسىلىسى. جايلار، مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ «يېزا - بازارلارنىڭ مالىيەسىنى باشقۇرۇشنى سىناق تەرىقىسىدە يۈرگۈزۈش توسۇلىنى تارقاتقانلىق توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»ىنىڭ روھىغا ئاساسەن، مەسئۇلىيەت، هوقۇق، پايدىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپى بويىچە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، يېزا، بازار مالىيەسىنى تەدرىجىي بەرپا قىلىپ، ئۇنىڭ مۇهىم مەسئۇلىيەت دائىرىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەك.

4. يېزىلىق (بازارلىق) خەلق هۆكۈمەتلىرىنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ۋە ئىقتىسادنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. هۆكۈمەتتە يېزا (بازار) باشلىقى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى، يېزا (بازار) باشلىقلىرىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش نىشانلىق مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇشى، تۈرلۈك خىزمەت تۈزۈملىرى قۇرۇلۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، نورمال خىزمەت تەرتىپى ۋۇجۇدقا كېلىشى كېرەك. يېزا (بازار) باشلىقلىرى، مۇئاۋىن باشلىقلىرى ئوتتۇرىسىدا، ياردەمچىلەر ئوتتۇرىسىدا ئىش تەقسىماتى ئايدىڭلاشتۇرۇلۇشى، مەسئۇلىيەت، هوقۇق ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلۈشى لازىم. ئۇنىڭدىن قالسا، يېزىلىق (بازارلىق) خەلق هۆكۈمەتلىرى يەنە تاشقى مۇناسىۋەتنى ئەستايىدىل ئىزغا سېلىشى لازىم. بۇنىڭدا ئاساسەن قارىمىقىدىكى رايونلار ئىچىدىكى ئۆزئارا بېقىندىلىق مۇناسىۋىتى بولمىغان ئورۇنلار نەزەردە تۇتۇلىدۇ. مەسىلەن، كەنت ئاهالىلەر كومىتېتىغا ۋاقتىدا ياردەم بېرىش، ئىقتىسادىي تەشكىلاتلار، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسى قاتارلىق تەشكىلاتلارغا هەمكارلىشىپ، خىزمەت تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، ۋاقتىدا پىكىر، تەكلىپ بېرىش هەمدە ئۇلارنىڭ خىزمەت داۋامىدىكى قىيىنچىلىقلىرىنى هەل قىلىشىغا ياردەم بېرىش كېرەك.

5. يېزا (بازار) كادىرلار قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، كادىرلار قوشۇنىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق هۆكۈمىتىنىڭ (1986) 25 - نومۇرلۇق هۆججىتىدىكى مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، يېزا (بازار)لارنىڭ مەمۇرىي خادىملىرىنى سەپلەش، ناهىيە (شەهەر)لەرنىڭ پارتىيە بىلەن مەمۇرىيەت قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ۋاقتىدا، بىر قىسىم هەم ئەخلاقلىق، هەم قابىلىيەتلىك، ياش ۋە غەيرەتلىك كادىرلارنى يېتىلدۈرۈپ، يېزا (بازار) رەهبەرلىك بەنزىسىنى كۈچەيتىش لازىم.

قىسقىسى، يېزا ئاساسىي قاتلام هاكىمىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش — ئىنتايىن مۇهىم بىر خىزمەت. هەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە هۆكۈمەتلەر، بولۇپمۇ ناهىيە (شەهەر) دەرىجىلىك پارتكوم ۋە هۆكۈمەتلەر چوقۇم يېزا ئاساسىي قاتلام هاكىمىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇهىملىقىنى تولۇق تونۇپ، ئۇنى ئاگلىق توردە مۇهىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، ئۇنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى قاتلاممۇ قاتلام تۇتۇشى، ساقلانغان مەسىلەرنى ۋاقتىدا مۇزاكىرە قىلىپ ۋە هەل قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا ئاساسىي قاتلام هاكىمىيەت قۇرۇلۇشىنى هەقىقىي تۈردە ئوبدان ئىشلىشى لازىم.

---

(بېشى 11 بەتتە)

پارتىيىنىڭ نەزەرىيىنى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈش، ئاممىا بىلەن زىچ ئالاقە باغلاش، تەنقىد ۋە ئۆز - ئۆزىنى تەنقىد قىلىشتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ ئىستىلىنى جارى قىلدۇرۇپ، جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەقسىتى بويىچە ئىدىيىۋى، ئىستىلى قۇرۇلۇشىنى هەقىقىي كۈچەيتىشتىن ئىبارەت.

سىياسىي جەھەتتە قەتئىي، سەزگۈر ۋە كۆزىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇش كېرەك؛ پارتىيىۋىلىكى كۈچلۈك بولۇش، كادىرلارنى تەكشۈرۈش - ئىشلىتىشتە ئومۇملۇقنى ئاساس قىلىش، پارتىيە ۋە خەلق ئىشىنى ئاساس قىلغان هالدا ياخشى كىشىلەرنى تاللاپ ئىشقا قويۇش كېرەك؛ ئىنتىزاملىق بولۇش، تەشكىلىي قاراش ۋە ئىنتىزام قارىشىنى كۈچەيتىش كېرەك.

(ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىنىڭ 5 - قارازلىق تەشكىلات بۆلۈمى باشلىقلىرىنى تەربىيەلەش كۇرسىدا سۆزلەنگەن سۆزدىن ئېلىندى.)

## بىرىنىڭ بېشىغا كۈن چۈشسە، ھەممە ئادەم ئۇنىڭ غېمىنى يېيىش

ئۆتكەن يىل 18 ـ ئۆكتەبىر بورانلىق كېچىدە، يېزا ئىگىلىك 3 ـ دىۋىزىيە 52 ـ تۇەن ـ مەيدان 6 ـ لىيەن ئەزاسى قادىر تۇرسۇننىڭ ئۆيىگە ئوت كېتىدۇ. ئوت بوراندا بارغانسېرى ئۇلغىيىپ، ئۇنىڭ ئۆگزىسىدىكى ئوت-چۆپكە تۇتىشىپ كېتىپ، بىر ئائىلىدىكى يەتتە جان كىشى ئوت ئىچىدە قاپسىلىپ قېلىپ ھاياتى خەۋپ ئاستىدا قالىدۇ. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان ئۇنىڭ خولۇم ـ قوشنىلىرى، پارتىيە ـ ئىتتىپاق ئەزالىرى تەرەپ ـ تەرەپتىن يېتىپ كېلىپ، ئۆز ھاياتىنىڭ خەۋپ ـ خەتەرگە ئۇچرىشىغا قارىماي، ئوت بىلەن جاپالىق



ئېلىشىپ، قادىر تۇرسۇن ۋە ئۇنىڭ بالىلىرىنى، تۆت تۇياق قويى بىلەن بىر باش كالىسىنى قۇتقۇزۇپ چىقىدۇ. قالغان ئۆي بىساتى بولسا پۈتۈنلەي كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىدۇ. قادىر تۇرسۇننىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە، ھەممە ئادەم ئۇنىڭ غېمىنى يەيدۇ. 6 ـ لىيەن پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى تۇردى ئەمەت باشلامچى بولۇپ 50 يۈەن نەق پۇل، 100 جىڭ ئاشلىق، بىر يۈرۈش يوتقان-كۆرپە ياردەم قىلىدۇ. پارتىيە، ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ئامما ئارقا ـ ئارقىدىن ئىئانە قىلىپ 2006 جىڭ ئاشلىق، 275 يۈەن نەق پۇل بېرىدۇ. ھەمدە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ باشلامچىلىقىدا ھەممە كىشى 6 كۈن جاپالىق ئىشلەپ، ئىككى ئېغىزلىق ئۆي سېلىپ بېرىپ، ئۇنى يېڭى ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىدۇ.

مەمتىمىن يۈسۈپ

## ئوبۇل چورۇق پارتىيىدىن چىقىرىلدى

قاغىلىق ناھىيە چارباغ بازارلىق ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپىنىڭ مۇدىرى ئوبۇل چورۇق 1984 ـ يىلدىن بۇيان پۇل مۇئامىلە خىزمىتىدە بەككە كەسىپ بېجىرىش، نەق پۇل بىلەن ھېسابىنى قوشۇپ باشقۇرۇشتەك قولايلىق شارائىتتىن پايدىلىنىپ، ئاشكارا ۋە مەخپىي بانكا ئېچىشتەك ئىككى خىل ئۇسۇلنى قوللىنىپ، ئۆزى مەخپىي باشقۇرغان ھېساباتتىكى ئامانەت پۇللىرىنىڭ كىرىمىنى يوشۇرۇپ ھېسابقا ئۆتكۈزمىگەن؛ ئەنگەس قىلىنغان 106 پارچە ئامانەت پۇل چېكىنى يوشۇرۇپ قېلىپ، 1985 ـ يىلى 2 ـ



ئايدىن 1990 ـ يىلى 4 ـ ئايغىچە 29 نەپەر كىشىدىن 45 قېتىم قەرەللىك ئامانەت پۇلى ئېلىپ 63 مىڭ 803 يۈەنگە خىيانەت قىلغان؛ 1990 ـ يىلى ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلەپچىقىرىشىغا قەرز پۇلى تارقىتىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، بەش نەپەر كىشى نامىدا يالغاندىن بەش پارچە قەرز پۇل ئېلىش ھۆججىتىنى يېزىپ 3050 يۈەنگە خىيانەت قىلغان. ئۇنىڭ ئومۇمىي خىيانىتى 66 مىڭ 853 يۈەنگە يەتكەن. ئوبۇل چورۇق ئۆزىنىڭ پارتىيە ئەزالىق سالاھىيىتىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ، پارتىيە ئىنتىزامى، دۆلەت قانۇنى ۋە پۇل-مۇئامىلە خىزمىتىگە ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار ئۇنى پارتىيىدىن چىقاردى ۋە ئۇنىڭغا مۇددەتسىز قاماق جازاسى بەردى، سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلدى.

سىدىق تۇردى

## ئاددىي ئىش ئورنىدا

ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تاشيول باش ئۆچاستكىسى تەگۈرتاغ تاشيول ئۆچاستكىسى ئاغى يول ئاسراش بەنىنىڭ باشلىقى، كومپارتىيە ئەزاسى ئېزىز ھېيت ئۆز كەسپىنى قىزغىن سۆيۈپ خەتەرلىك ئۆتكەللەردىن ئۆتۈپ، ناچار شارائىتنى يېڭىپ، ۋەزىپىنى يىلمۇ يىل ئاشۇرۇپ ئورۇنداپ تەشكىل ۋە ئاممىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىپ كەلمەكتە.

ئېزىز ھېيت مەسئۇللۇقىدىكى تاشيول ئاسراش بەنى كۇچا - مايتاغ تاشيولىنىڭ كۇچا ناھىيە ئاغى يېزىسىدىن تەلەمەت داۋىنىغىچە بولغان 50 كىلومېتىردىن ئارتۇق يولنى ئاسراش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ،



تۇرمۇش ۋە خىزمەت شارائىتى ئىنتايىن ناچار ئىدى. ئېزىز ھېيت پۈتۈن بەندىكى يولداشلارنى يېتەكلەپ، جاپادا ئالدىدا، راھەتتە كەينىدە تۇرۇپ، ھەر يىلى دېڭگىزدەك يازنىڭ تومۇز ئىسسىقىدا يولغا يېيىلىدىغان قارامايلارنى ئېرىتىش ۋەزىپىسىنى ئۆزىگە تەقسىم قىلىپ ئىشلىدى، قىشنىڭ قەھرىتان سوغۇقلىرىدا قار يۆتكەپ يول ئېچىشتا سەپنىڭ ئالدىدا ماڭدى. ئۇ يىل بويى كۈن نۇرى چۈشمەيدىغان ئېگىز تاغ ئارىسىدا ئىشلەپ، رېماتىزم ۋە كانايچە يالدۇغى كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان بولسىمۇ، يەنىلا ئىش مەيدانىدىن ئايرىلماي، ياشلىق باھارىنى يول ئاسراش ئىشىغا بېغىشلاپ، زور تۆھپە يارىتىپ، ئۆتكەن يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى.

ئەبەيدۇللا مەخمۇت

## قىمارنىڭ ئاقىۋىتى

كورلا شەھەر چارباغ يېزا سايباغ كەنت 4 - گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، كومپارتىيە ئەزاسى توردى ئاۋۇت پارتىيە ئىنتىزامى ۋە دۆلەت قانۇنىنى كۆزگە ئىلماي، قىمارخانا ئاچقانلىقى ۋە ياش دېھقانلارنى قىمار ئويناشقا باشلىغانلىقى ئۈچۈن، كورلا شەھەرلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى يېقىندا ئۇنىڭغا پارتىيىدىن چىقىرىش جازاسى بەردى.

توردى ئاۋۇت ئىسلاھات ۋە ئىشكىنى ئېچىۋېتىشنىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، ئىدىيىدە چۈشكۈنلىشىپ، قىمار ئوينىغان ۋە قىمارخانا ئاچقان. ئۇ 1987 - يىلدىن بۇيان، ئۆز ئۆيىدە ۋە باشقا ئۆيلەردە بۇ



يېزىدىكى بەزى ياش دېھقانلار، مەلۇم زاۋۇتتىكى ئايرىم ياش ئىشچىلار ۋە سىرتتىن كەلگەن قىمارۋازلار بىلەن بىللە، بەش قېتىم قىمار ئوينىغان ھەمدە 66 يۈەن چوتا ئالغان. ج خ ئورگانلىرى ئۇنى ئىككى قېتىم تۇتۇۋېلىپ، چوتا ئالغان پۇلنى مۇسادىرە قىلغاندىن باشقا، ئۇنىڭغا 200 يۈەن جەرىمانە قويۇپ تەربىيە بەرگەن؛ پارتىيە ياچېيكىسى پارتىيە ئەزالىرى چوڭ يىغىنىدا ئۇنىڭغا تەنقىد، تەربىيە ۋە ياردەم بەرگەن بولسىمۇ، تەربىيىگە قۇلاق سالماي داۋاملىق قىمارخانا ئېچىپ ۋە قىمار ئويناپ، دۆلەت قانۇنىغا دەخلى - تەرۇز قىلىپ ئامما ئارىسىدا يامان تەسىر پەيدا قىلغان.

غوپۇر قاسىم

# ئاده‌تتكى پارتىيه ئه‌زاسىنى پارتىيه ياچېيكىسىنىڭ كۈندىلىك خىزمه‌تلىرىگه ۋاقىتلىق مه‌سئۇل قىلىش ئۇسۇلى توغرىمۇ؟

يولداش ته‌هرر:

كه‌نت پارتىيه ياچېيكىمىزنىڭ شۇجىسى ئورۇمچىگه داۋالىنىشقا بېرىش ۋاقتىدا، ياچېيكا يىغىنىدا ياچېيكا كومىتېتىنىڭ ئه‌زاسى بولمىغان بىر پارتىيه ئه‌زاسىنى ياچېيكا خىزمىتىگه ۋاقىتلىق مه‌سئۇل بولىدۇ، ده‌پ ئېلان قىلدى. بۇنداق قىلىش توغرىمۇ؟

ئه‌خمه‌ت

پارتىيه ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى داۋالىنىش، ئۆگىنىش، كاماندىروپكا قاتارلىق تۈرلۈك سه‌ۋه‌بله‌ر بىله‌ن سىرتقا چىققاندا، ياچېيكىنىڭ كۈندىلىك خىزمه‌تلىرىگه ياچېيكا كومىتېتىنىڭ ئه‌زاسى بولمىغان ئاده‌تتكى پارتىيه ئه‌زاسىنى مه‌سئۇل قىلىپ قويۇش مۇۋاپىق ئه‌مه‌س. بۇنداق قىلىش، بىرىنچىدىن، دېموكراتىيه - مه‌ركه‌زله‌شتۈرۈش تۈزۈمى پرىنسىپىغا خىلاپ. پارتىيه نىزامنامىسىدا، پارتىيىنىڭ هه‌ر ده‌رىجىلىك كومىتېتلىرى قۇرۇلتاي يېپىق مه‌زگىلده پارتىيىنىڭ بارلىق ياكى يه‌رلىك خىزمه‌تلىرىگه رەهبه‌رلىك قىلىدۇ، ده‌پ به‌لگىله‌نگه‌ن. ياچېيكىغا نىسبه‌ته‌ن ئېيتقاندا، په‌قه‌ت ياچېيكا كومىتېتىلا شۇ كه‌نتنىڭ بارلىق خىزمه‌تلىرىگه رەهبه‌رلىك قىلىش هوقۇقىغا ئىگه. ياچېيكا شۇجىسى ۋاقىتلىق كېتىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ياچېيكا كومىتېتى يه‌نىلا مه‌ۋجۇت، ئۇ ئۆزىنىڭ خىزمه‌ت هوقۇقىنى يۈرگۈزۈشكه هه‌قلىق. ئۇنىڭدىن باشقا، ياچېيكا كومىتېتىنىڭ ئه‌زالىرى بىله‌ن ئاده‌تتكى پارتىيه ئه‌زالىرىنىڭ مۇناسىۋىتى رەهبه‌رلىك قىلغۇچى بىله‌ن رەهبه‌رلىك قىلىنغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋه‌ت، ياچېيكا كومىتېتىنىڭ ئه‌زاسى بولمىغان بىر پارتىيه ئه‌زاسىنى خىزمه‌تكه رىياسه‌تچىلىك قىلدۇرۇش، ئه‌مه‌لىيه‌تته، پارتىيه ياچېيكا كومىتېتىنى چه‌تكه قېقىۋه‌تكه‌نلىك، رەهبه‌رلىك قىلغۇچى بىله‌ن رەهبه‌رلىك قىلىنغۇچىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋه‌تكه‌نلىك بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، خىزمه‌تله‌رنى قانات يايدۇرۇشقا پايدىسىز. ياچېيكا كومىتېتىنىڭ ئه‌زالىرى داۋاملىق بىرلىكته يىغىن ئېچىپ ئه‌هۋاللارنى مۇهاكىمه قىلىپ تۇرغاچقا، پارتىيه ئه‌زالىرىنىڭ ئه‌هۋالىنى به‌ش قولده‌ك بىلىدۇ. ئاده‌تتكى پارتىيه ئه‌زاسى بولسا، تۈرلۈك به‌لگىلىمه‌ر تۈپه‌يلىدىن چه‌كلىمىگه ئۇچراپ، ئه‌هۋالدىن تولۇق خه‌ۋه‌ردار بولالمايدۇ. ئۈچىنچىدىن، خىزمه‌تكه رىياسه‌تچىلىك قىلغان ئاده‌تتكى پارتىيه ئه‌زاسىمۇ هامان بىئه‌پ هېس قىلىپ، خىزمه‌تنى ئۆتۈپ كېته‌لمه‌يدۇ. شۇڭا، شۇجى سىرتقا چىقىپ كه‌تكه‌نده، ياچېيكا كومىتېتىنىڭ بىره‌ر ئه‌زاسىنى خىزمه‌تكه ۋاقىتلىق مه‌سئۇل قىلىش ئورۇنلۇق.

ته‌هرر

# پارتكوم تۈزۈمى دېگه‌ن نېمه؟ نېمه ئۈچۈن پارتكوم تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ؟

يولداش ته‌هرر:

پارتىيىنىڭ ئىچكى هۆججه‌تلىرىده «پارتكوم تۈزۈمى» دېگه‌ن سۆز دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. «پارتكوم تۈزۈمى» دېگه‌ن سۆزنى قانداق چۈشىنىش كېره‌ك، نېمه ئۈچۈن پارتكوم تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ؟

ئىبراهىم

يولداش ئىبراھىم: «پارتكوم تۈزۈمى» توغرىسىدا سورىغان سوئالىڭىزغا تۆۋەندىكىچە قارىشىمىزنى ئوتتۇرىغا قويىمىز، پايدىلىنارسىز.

پارتكوم تۈزۈمى دېگەندە، پارتىيە كومىتېتلىرىنىڭ كوللېكتىپ رەھبەرلىك تۈزۈمى، پارتكومنىڭ كوللېكتىپ رەھبەرلىكى ئاستىدا پارتكوم ئەزالىرىنىڭ ئىش تەقسىم قىلىپ مەسئۇل بولۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار يولغا قويۇۋاتقان كوللېكتىپ رەھبەرلىك بىلەن شەخسلەرنىڭ ئىش تەقسىم قىلىپ مەسئۇل بولۇشى تۈزۈمىنى بىرلەشتۈرۈلگەن تۈزۈمى پارتكوم تۈزۈمى دەپ ئاتىلىدۇ.

پارتكوم تۈزۈمىنى يولغا قويۇش كوللېكتىپ رەھبەرلىككە كاپالەتلىك قىلىدىغان، شەخسنىڭ پارتكوم ئىشلىرىغا چات كىرىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان مۇھىم تۈزۈم. بۇ خىل تۈزۈم ھەر دەرىجىلىك پارتكوملاردىن بارلىق زور مەسىلىلەر ئۈستىدە قارار چىقارغاندا، جەزمەن پارتكوم ئەزالىرىنىڭ كوللېكتىپ مۇزاكىرە قىلىشىدىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق قارار چىقىرىش زۆرۈرلۈكىنى، ھەر قانداق شەخسنىڭ زور مەسىلىلەر ئۈستىدە قارار چىقىرىش ھوقۇقىنىڭ يوقلۇقىنى، پارتكومنىڭ ھەر بىر ئەزاسىدىن پارتكومنىڭ كوللېكتىپ مۇزاكىرە قىلىپ چىقارغان قارارىنى قەتئىي ئىجرا قىلىپ، ئۆزىنىڭ خىزمەت ھوقۇقى دائىرىسى ئىچىدە مەسىلىلەرنى دادىل، مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ھەل قىلىپ، ئۆز زىممىسىگە ئالغان خىزمەت ۋەزىپىسىنى ئەستايىدىل ئورۇنداشنى تەلەپ قىلىدۇ.

پارتكوم تۈزۈمىنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش پارتكومدىن ئىبارەت بىر بەن ئادەمنىڭ كوللېكتىپ ئەقىل-پاراسىتى ۋە ئاكتىپلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، كوللېكتىپنىڭ تەجرىبىسى ۋە ئەقىل-پاراسىتى ئارقىلىق پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى توغرا ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا پايدىلىق؛ دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى پرىنسىپىنى توغرا ئىجرا قىلىپ، شەخسلەرنىڭ ھاكىم مۇتلەقلىق، ئائىلە باشلىقلىق ئىستىلىنى يۈرگۈزۈشتىن ساقلىنىش ۋە تۈگىتىش، كونكرېت ئىشلارغا مەسئۇل بولىدىغان ئادەم بولماسلىق ياكى پارتكوم ھەممىگە چات كىرىۋېلىش ئەھۋاللىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ۋە ئۇنى تۈگىتىپ، پارتىيىنىڭ ئىچكى تۇرمۇشىنى يەنىمۇ نورماللاشتۇرۇشقا پايدىلىق.

تەھرىر

# پارتىيە ئەزالىرىغا بېرىلگەن جازا ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىنكى جازا ۋاقتى قايسى ۋاقىتتىن باشلاپ ھېسابلىنىدۇ؟

يولداش تەھرىر:

ئىدارىمىزدا مەلۇم بىر پارتىيە ئەزاسىغا پارتىيە ئىچىدە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلگەن ئىدى. كېيىن بۇ خىل جازا «پارتىيىدە قالدۇرۇپ بىر يىل سىناش» جازاسىغا ئۆزگەرتىلدى. جازا ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىنكى جازالاش ۋاقتى قايسى ۋاقىتتىن باشلاپ ھېسابلىنىدۇ؟ جاۋاب بېرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئەركىن يۈسۈپ

يولداش ئەركىن يۈسۈپ:

پارتىيە ئەزالىرىغا ئىنتىزام جازاسى بېرىش ۋاقتى پارتكوم ياكى ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى تەستىقلىغان كۈندىن باشلاپ ھېسابلىنىدۇ. جازا ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىنكى جازا ۋاقتىنى ھېسابلاشتا ئوخشاش بولمىغان ئەھۋالغا قاراپ بېكىتىشكە توغرا كېلىدۇ. ئەگەر ئەسلىدە ئاگاھلاندۇرۇش، قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش ياكى پارتىيە ئىچىدىكى ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلاش جازاسى بېرىلىپ، كېيىن پارتىيە ئىچىدە قالدۇرۇپ سىناش جازاسىغا ئۆزگەرتىلگەن

بولسا، پارتىيە ئىچىدە قالدۇرۇپ سىناش ۋاقتى يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇن جازانى ئۆزگەرتىشنى تەستىقلىغان كۈندىن باشلاپ ھېسابلىنىدۇ؛ ئەگەر پارتىيىدىن چىقىرىش جازاسى پارتىيە ئىچىدە قالدۇرۇپ سىناش جازاسىغا ئۆزگەرتىلگەن بولسا، پارتىيە ئىچىدە قالدۇرۇپ سىناش ۋاقتى ئەسلىدىكى پارتىيىدىن چىقىرىش جازاسى تەستىقلانغان كۈندىن باشلاپ ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئەسلىدە بېرىلگەن پارتىيىدىن چىقىرىش جازاسىنى ئىجرا قىلىش ۋاقتى پارتىيىدە قالدۇرۇپ سىناش جازا ۋاقتى (بىر يىل ياكى ئىككى يىل قالدۇرۇپ سىناش ۋاقتى)دىن ئېشىپ كەتكەن بولسا، جازانى ئۆزگەرتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭ پارتىيە ئەزالىق ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قارارىنى چىقىرىش كېرەك.

تەھرىر

# پارتىيىگە قەسەم بېرىش ئىشى ئەستايىدىل تۇتۇلۇشى كېرەك

يولداش تەھرىر:

مەن 1988 - يىلى 12 - ئايدا پارتىيىگە كاندىدات ئەزا بولۇپ كىردىم، 1989 - يىلى 12 - ئايدا رەسمىيلەشتۈرۈلدۈم. بىراق ئىدارىدىن ياكى ناھىيىلىك ئىدارىلەر پارتكومى تەرىپىدىن قەسەم بېرىش يىغىنى ئاچمىدى. مېنىڭ قەسەم بەرمىگەنلىكىم پارتىيىلىك نامىمغا تەسىر يەتكۈزەمدۇ؟

قارىقاشتىن ئەمەت كېرەم

يولداش ئەمەت كېرەم: پارتىيە نىزامنامىسىدە «كاندىدات پارتىيە ئەزاسى پارتىيە بايرىقى ئالدىدا تۇرۇپ قەسەم بېرىشى كېرەك» دەپ بەلگىلەنگەن. قەسەمنامىدە پارتىيە ئەزاسىنىڭ پارتىيە تەشكىلاتى ۋە پارتىيە ئىشلىرى ئالدىدا ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك سىياسىي مەسئۇلىيىتى يىغىنچاقلانغان. پارتىيىگە قەسەم بېرىش، بىر تەرەپتىن پارتىيىنىڭ پارتىيە ئەزالىرىغا بولغان تەلىپىنى ئىپادىلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ پارتىيىگە قەلبىدىكى سۆزىنى ئىزھار قىلغانلىقى، ئۆزىنىڭ قەسەمنامىدىكى مەزمۇنلارغا ھەقىقىي تۈردە رىئايە قىلىش ئىرادىسىنى ئىپادىلىگەنلىكى بولىدۇ. كاندىدات پارتىيە ئەزالىرى ياچېيكا يىغىنى ئۇلارنىڭ پارتىيىگە كىرىشىنى ماقۇللىغان ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتى تەستىقلاپ چۈشۈرگەندىن كېيىن، پارتىيىگە قەسەم بېرىدۇ. پارتىيىگە قەسەم بېرىش ئىنتايىن شەرەپلىك، تەنتەنىلىك، جىددىي بىر ئىش. يېڭى پارتىيە ئەزاسى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئىككىنچى ھاياتىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بارلىقىنى پارتىيىگە تاپشۇرغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. پارتىيىگە قەسەم بېرىش رەسمىيىتىنى ئۆتىمەسلىك، يېڭى پارتىيە ئەزالىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، پارتىيىلىك نامىغا مەلۇم دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزىدۇ، ئىرادىسىنىڭ ئاجىزلىشىشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. قەسەم بېرىش پائالىيىتىنى ئۇيۇشتۇرماسلىق شۇ ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ پارتىيە نىزامنامىسىدە كۆرسىتىلگەن بەلگىلىمىلەرگە قاتتىق ئەمەل قىلمىغانلىقى ياكى ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتمىگەنلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى پارتىيىگە قەسەم بېرىشنى نىزامنامىدىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە ئەستايىدىل چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلىشى، قەسەم بېرىش مۇراسىمىنى «1 - ئىيۇل» ياكى باشقا بايرام كۈنلىرىدە ئۇيۇشتۇرىمىز دەپ ۋاقتىنى ئۇزارتىۋەتمەسلىكى، پارتىيىگە قەسەم بېرىش مۇراسىمىنى ئاساسىي قاتلام پارتكوملىرى ياكى پارتىيە ياچېيكىسى، پارتىيە باش ياچېيكىلىرى ۋاقتى - ۋاقتىدا تەشكىللەپ، يېڭى پارتىيە ئەزالىرىنى قەسەمنامىنى ئۆلچەم قىلىپ، خىزمەت، ئۆگىنىش، ئەمگەك ۋە تۇرمۇش ئىشلىرىدا نەمۇنىلىك رول ئوينايدىغان باشلامچىلاردىن بولۇشقا يېتەكلىشى لازىم.

مەھەممەت ئىمىن



# پاك ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئىشلەش

نىياز ساتتار

مەيلى قايسى ساھە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، خىزمەت ئۇنۇمىنىڭ ياخشى ياكى يامان بولۇشى ئالدى بىلەن رەھبەرلىككە باغلىق، توقسۇ ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى يولداش كامىل كېرەم رەھبەرلىك سەنئىتىنىڭ يۇقىرىلىقى، خىزمەتتىكى يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىقى ۋە كومپارتىيە ئەزاسىغا خاس تەۋرەنمەس ئىرادىسى بىلەن تەپتىش سىستېمىسىدىكى كەڭ كادىر - ساقچىلار ئارىسىدا باشلامچىلىق بىلەن رول ئويناپ، كىشىلەرنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە ئېرىشىپ كېلىۋاتقان ياخشى قانۇن كادىرلىرىنىڭ بىرى.

ئۇ 1987 - يىلى 6 - ئايدا توقسۇ ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدا ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشلىكىگە سايلانغاندىن بۇيان، ئۆزىگە ۋە كادىر - ساقچىلارغا قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ھەممە ئىشتا ئۆزى سەپنىڭ ئالدىدا ماڭدى. دۆلەتنىڭ قانۇن - پەرمانى، پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىجرا قىلىش يولىدا توسالغۇلارغا تېگىشىكە جۈرئەت قىلىپ، قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەرگە، خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق قىلمىشلىرىغا قارشى مۇرەسسەسىز كۈرەش قىلدى. چوڭ، مۇھىم دېلولارنى بىر تەرەپ قىلىشقا قاتنىشىشنى باشتىن - ئاخىر قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، دېلو ئەھۋالىنى ۋاقتىدا ئىگىلەپ تەكشۈرۈپ تۇردى. ھەممە تەپتىش كادىر - ساقچىلىرىدىن ھەر بىر دېلونى تارىخ ۋە قانۇننىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان قىلىپ ئىشلەشنى تەلەپ قىلدى.

1988 - يىلى يەكشەنبە بازار يېزىلىق بانكا تىجارەت پونكىتىنىڭ قەرز پۇل تارقاتقۇچىسى ئىمىر قاۋۇلنىڭ خىيانەتچىلىك دېلوسىنى شۇ يېزىغا ئۆزى بېرىپ تەكشۈرۈپ، دەلىل - ئىسپاتلارنى توپلاپ، بۇ ئىشقا مۇناسىۋەتلىك بولغان گومىنداڭ پۇلى ئەتكەسچىلىكىدەك چوڭ بىر دېلونىڭ يىپ ئۇچىنى قولغا چۈشۈردى. يولداش كامىل كېرەم دائىم كادىر - ساقچىلارغا: «دېلو بېجىرىشتە پەيتنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋېتىشكە بولمايدۇ» دەيدۇ. ھەمدە بۇ جەھەتتە ئۆزىگە تەلەپنى قاتتىق قويۇپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن باشقىلارنى تەربىيىلەيدۇ. 1989 - يىلى ئۇ پەيشەنبە بازار يېزىلىق ئامانەت - قەرز كوپېراتىپىنىڭ بوغالتىرى ئادىل زىياۋۇدۇننىڭ خىيانەتچىلىك دېلوسىنى تەھقىقلەشكە قاتناشتى. بۇ دېلونىڭ چېتىشلىق دائىرىسى كەڭ بولۇپ، ۋاقىت ئۆزىراپ كەتسە، تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش تەسكە توختايتتى. شۇڭا، ئۇ كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ تېز بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، دەرھال دېلو تۇرغۇزۇپ، ئەيىبكارنى تېزدىن قولغا ئېلىش تەدبىرىنى قوللاندى. كېيىنكى ئەمەلىيەت ئۇنىڭ پۈتۈنلەي توغرا قىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. يولداش كامىل كېرەم دېلو بېجىرىش ۋە بىر تەرەپ قىلىش جەريانىدا ئەزەلدىن «تۇغقۇنۇم»، «يېقىنىم» دەپ يۈز - خاتىرە قىلمىدى. بىر قېتىم ئۇ مەلۇم خىيانەتچىنىڭ مەسىلىسىنى تەكشۈرۈپ، دېلو تۇرغۇزۇپ ئىشلەۋاتقاندا، جاۋابكارنىڭ

(ئاخىرى 50 - بەتتە)

# تۈپ ئاساسىي پرىنسىپ — مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئاساسى

تەۋەككۈل سىدىق

ۋەتەننىڭ بىرلىكى، دۆلىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ غەلىبە قازىنىشىنىڭ تۈپ كاپالىتى. ماركسىزملىق مىللەت قارىشىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش — ئېلىمىزنىڭ سىياسىي مۇقىملىقىنى، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى ساقلاشنىڭ ئاچقۇچى، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى غەلىبىلىك ئېلىپ بېرىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش لازىم.

تۆت ئاساسىي پرىنسىپ — دۆلەت قۇرۇشنىڭ ئاساسى، شۇنداقلا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئاساسى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، ھەر مىللەت خەلقىنى مۇستەھكەم ئۇيۇشتۇرۇپ، بىرلىك، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش ئۈچۈن بىر ئاساس بولۇشى لازىم. بۇ ئاساس — سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرۇش، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىدا چىڭ تۇرۇش، كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت تۆت ئاساسىي پرىنسىپ.

سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرۇش شەرت. سوتسىيالىزم يولى جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئۇزاق يىللىق جاپالىق كۈرەشلەر نەتىجىسىدە، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتى بويىچە تاللىۋالغان توغرا يول. ئۇ دېدى يولداش جياڭ زېمىن كۈرسەتكەندەك: «سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئورنىتىلغانلىقى، مۇستەھكەملەنگەنلىكى ۋە راۋاجلانغانلىقى جۇڭگونىڭ ھازىرقى زامان ئىجتىمائىي ھەرىكىتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بەردى، ئۇ جۇڭگو تارىخىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ چوڭقۇر ئىسلاھات بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر سوتسىيالىزمنى ئىستىقبال قىلغان خەلق ئىنقىلابى ئېلىپ بېرىلمىغان بولسا، جاھانگىرلىك، فېئودالىزم، بيۇروكرات كاپىتالىزمنى ئاغدۇرغىلى بولمايتتى، زۇلمەتلىك جۇڭگونى پارلاق جۇڭگوغا ئايلاندۇرغىلى بولمايتتى. ئەگەر يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، سوتسىيالىزم يولىدا ماڭمىغان، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىدا چىڭ تۇرمىغان بولساق، دۆلەتنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى ۋە مىللەتنىڭ مۇستەقىللىقىنى قوغدىغىلى بولمايتتى.» تارىخ ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگونى سوتسىيالىزملا قۇتقۇزالايدۇ، سوتسىيالىزم يولىغا ماڭغاندىلا جۇڭگونى راۋاجلاندۇرغىلى بولىدۇ. بۇ، ئوبيېكتىپ ھەقىقەت.

70 نەچچە يىللىق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا سوتسىيالىستىك تۈزۈم تۇرغۇن ئەگرى - توقاي يوللارنى بېسىپ، دۇنياداتۈزىنىڭ غايەت زور ئەۋزەللىكىنى كۆرسەتتى. دۆلىتىمىز جۇڭگونىڭ ئازادلىقتىن بۇيانقى 41 يىللىق زور تەرەققىياتى بۇنى ناھايىتى روشەن ئىسپاتلىدى. خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسى ئورنىتىلىپ ھەر مىللەت خەلقى دۆلەتنىڭ خوجايىنىغا ئايلاندى، سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىلىپ، سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى ئورنىتىلدى، سىنىپىي ئېكسپلاتاتسىيە تۈزۈمى يوقىتىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئازاد بولۇپ، خەلق ئىگىلىكى راۋاجلاندى، ماددىي

مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت زور تەرەققىياتقا ئېرىشتى، سوتسىيالىستىك تەقسىمات پرىنسىپى — ئەمگىكىگە قاراپ تەقسىم قىلىش يولغا قويۇلۇپ، ئەمگەكچى خەلق ئۆزىنىڭ ئەمگەك مېۋىسىدىن بەھرىمەن بولۇپ، ئورتاق بېيىش يولىغا ماڭدى. مىللىي كەمسىتىش ۋە مىللىي زۇلۇمغا خاتىمە بېرىلىپ، مىللەتلەر باراۋەرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ئورتاق گۈللىنىش بارلىققا كەلدى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكىدۇر. بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشنى تەرغىب قىلغۇچىلار ۋە بارلىق مىللىي بۆلگۈنچىلەر بىزنىڭ ئالغا بېسىش يولىمىزدا كۆرۈلگەن ئايرىم ۋاقىتلىق ھادىسىلەرگە ئېسىلىۋېلىپلا سوتسىيالىستىك تۈزۈمىمىزگە ھۇجۇم قىلدى، سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكىنى ئىنكار قىلدى. ئۇلارنىڭ مەقسىتى بىزنى سوتسىيالىزم يولىدىن تايدۇرۇپ، كاپىتالىزم يولىغا باشلاپ، ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە زۇلۇم بويۇنتۇرۇقىنى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بويىنىغا قايتا سېلىشتىن ئىبارەت. ئۇ پۈتۈنلەي ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە قارشى ھالدا تارىخ چاقىنى ئارقىغا بۇراشقا ئۇرۇنۇش — خالاس. ئۇلار ھامان تارىخ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ. شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، سوتسىيالىزم قۇرۇش، سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىنى تولۇق نامايان قىلىپ سوتسىيالىزم پرىنسىپلىرىنى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۇنچىۋالا ئوڭاي ئەمەس ۋە قىسقا ۋاقىتتا تولۇق ئەمەلگە ئېشىپ كېتەلمەيدۇ. بەلكى ئۇنىڭغا خېلى ئۇزاق بىر تارىخىي جەريان كېرەك. مەيلى قانچە ئۇزاق يىللىق تارىخىي جەريان كېرەك بولىشىدىن قەتئىينەزەر، ھەر مىللەت خەلقى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ سوتسىيالىزم يولىدا قەتئىي ماڭىدۇ. بىردىنبىر توغرا پارلاق يول — سوتسىيالىزم يولى. شۇڭا ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت بويىچە ئىش قىلىشىمىز، ئىلمىي سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم.

پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىدا چىڭ تۇرۇش شەرت. پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى ئەينى خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسى ھەر مىللەت خەلقىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە، ئىشچىلار، دېھقانلار، زىيالىيلار ۋە باشقا ئەمگەكچىلەر ئورتاق بەھرىمەن بولىدىغان دېموكراتىيە ۋە تارىختىكى ئەڭ كەڭ دېموكراتىيە. مۇنداق دېموكراتىيە بولمىسا، سوتسىيالىزم بولمايدۇ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش بولمايدۇ. دېموكراتىيىلەشتۈرۈشمۇ زامانىۋىلاشتۇرۇشقا ئوخشاش، قەدەممۇ-قەدەم ئىلگىرىلەشكە توغرا كېلىدۇ، دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش تەرەققىياتىغا ماسلاشقان ھالدا، ئۇرغۇن قائىدە، سىياسەتلەر ۋە قانۇن - تۈزۈملەر تۈزۈلۈپ ياكى تۈزۈلۈپ، خەلقنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىندى ھەمدە سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق ۋە دېموكراتىيە تۈزۈملىرى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىپ، دېموكراتىيە بارغانسېرى تولۇق جارى قىلدۇرۇلۇۋاتىدۇ. پارتىيىمىزنىڭ توغرا مىللىي سىياسىتى ۋە دىنىي سىياسىتى ئىزچىللىشىپ، ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ئۆزئارا ياردەملىشىش ئاساسىدىكى يېڭىچە مىللىي مۇناسىۋەت ئورنىتىلدى ۋە راۋاجلاندى. دېمەك، سوتسىيالىزم قانچە راۋاجلانسا، دېموكراتىيىمۇ شۇنچە راۋاجلىنىدۇ. لېكىن، دېموكراتىيىنى كەڭ يولغا قويۇش دېگەنلىك ھەرگىزمۇ سوتسىيالىزمغا قارشى دۈشمەن ئۇنسۇرلارغا پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى يۈرگۈزمەسلىك دېگەنلىك ئەمەس. سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە يەنە بەلگىلىك دائىرىدە سىنىپىي كۈرەش مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، بەزىدە كەسكىنلىشىدۇ. چۈنكى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە ئەكسىلئىنقىلابچىلار، دۈشمەن ئىشپىيونلىرى، سوتسىيالىستىك قانۇن - تۈزۈملەرگە قارشى دۈشمەن ئۇنسۇرلار، شۇنىڭدەك تۈرلۈك جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرى، بۇزغۇنچى ئۇنسۇرلار، خىيانەتچىلىك، ئوغرىلىق، ھايانكەشلىك قىلىدىغان يېڭى

ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچىلار يەنە بولۇپ تۇرىدۇ. ئىچكى - تاشقى دۈشمەنلەر ھامان كومپارتىيە رەھبەرلىكىگە، سوتسىيالىستىك تۈزۈمگە قارشى بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بارىدۇ، ھەتتا ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق كۈچ ئۇيۇشتۇرۇپ، قوراللىق ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنى قوزغايدۇ. ئالدىنقى يىلى يۈز بەرگەن مالىمانچىلىق ۋە ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ، ئۆتكەن يىل بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ بۇنىڭ ئېنىق دەلىلى. ئۇ تارىختىكى سىنىپىي كۈرەشنىڭ سوتسىيالىزم شارائىتىدىكى ئالاھىدە شەكىلدىكى قالدۇقى ۋە ئىپادىسى. سوتسىيالىزمغا قارشى ئاشۇنداق ئۇنسۇرلارنىڭ ھەممىسىگە دىكتاتۇرا يۈرگۈزۈش كېرەك. ئۇلارغا قارىتا دىكتاتۇرا يۈرگۈزمەي تۇرۇپ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى يولغا قويغىلى بولمايدۇ. ئۇلار ئۈستىدىن دىكتاتۇرا يۈرگۈزگەندىلا، خەلقنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ. دېمەك، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى بولمىسا، سوتسىيالىزمنى قوغدىغىلى ۋە قۇرۇپ چىققىلى بولمايدۇ، ھەر مىللەت خەلقىنى دېموكراتىيىدىن تولۇق بەھرىمەن قىلغىلى بولمايدۇ، جەمئىيەت ئامانلىقى، خەلقنىڭ خاتىرجەم - تىنچ ھاياتى كاپالەتكە ئىگە بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىدا چىڭ تۇرۇش شەرت. بۇ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تەلىپى ۋە تۈپ مەنپەئىتى.

كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش شەرت. ئىنقىلاب قىلىش ئۈچۈن ئىنقىلاب كۈچلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئىنقىلابقا رەھبەرلىك قىلىدىغان، ئىلغار ئىنقىلابىي نەزەرىيە بىلەن قوراللانغان، ئىنقىلابىي سىنىپنىڭ سىياسىي پارتىيىسى بولۇش لازىم. جۇڭگو كومپارتىيىسى مەلۇم بىر مىللەتنىڭ پارتىيىسى ئەمەس، بەلكى جۇڭگودىكى ھەر مىللەت ئىشچىلىرىدىن تەركىب تاپقان جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپىنىڭ پارتىيىسى. جۇڭگو كومپارتىيىسى — جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتى، ئالە جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنىڭ سادىق ۋەكىلى، سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ رەھبەرلىك يادروسى. ئۇنىڭ خەلق مەنپەئىتىدىن باشقا ئۆز ئالدىغا ئايرىم مەنپەئىتى يوق. ئۇ — ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى بىلەن قوراللانغان، ئۇزاق مۇددەتلىك جاپالىق كۈرەشلەر داۋامىدا سىنالغان پارتىيە. شۇڭا ھەر مىللەت خەلقى ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي ئەمەلىيەت جەريانىدا جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ جۇڭگو ئىنقىلابى ۋە قۇرۇلۇشىنىڭ رەھبەرلىك يادروسى بولۇشىنى توغرا تاللىغان. مىللىي بۆلگۈنچىلەر جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى «خەنزۇلار» پارتىيىسى دەپ جۆيلۈپ، پارتىيە رەھبەرلىكىنى ئىنكار قىلىش، ۋەتەننى پارچىلاش مەقسىتىگە ئۇرۇندى. بىز مېڭىمىزنى سەگەك تۇتۇپ، پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ۋە پارتىيە رەھبەرلىكىنى ئاجىزلىتىشقا ئۇرۇنغۇچىلارغا قەتئىي قارشى تۇرۇشىمىز لازىم.

ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى — پارتىيىمىزنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى. بىزنىڭ ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىزنىڭ قىبلىنامىسى. جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە قولغا كەلگەن. سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىمۇ يەنىلا ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىمىز، بارلىق لۇشيەن، فاڭجېن-سىياسەتلەرنى بېكىتىشتە، جۈملىدىن مىللىي سىياسەت بېكىتىشتە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ئىشلىرىدا يەنىلا ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىمىز. ماركسىزمغا دۈشمەنلىك قىلغۇچىلار ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن، ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرىدىكى ئايرىم كونكرېت مەسىلىلەر توغرىسىدىكى بەزى ئىبارىلەرگە ئېسىلىۋېلىپ، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ۋاقتى ئۆتتى، دەپ ھۇجۇم قىلىدۇ، بىزنىڭ ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى

يېتەكچى قىلىشىمىزغا قارشى تۇرۇپ، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشنى، بۇرژۇئا مىللەتچىلىكنى تەرغىب قىلدى. شۇ ئارقىلىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش، سوتسىيالىستىك تۈزۈمگە قارشى تۇرۇپ، كاپىتالىزم يولىغا مېڭىش رەزىل سۇيىقەستىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئۇرۇندى. خۇددى يولداش دېڭ شياۋپىڭ كۆرسەتكەندەك: «بىزنىڭ چىڭ تۇرغىنىمىز — ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ تۆت ئاساسىي پرىنسىپى، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، شۇ تۆت قائىدىلەردىن تەركىب تاپقان ئىلمىي سىستېما». ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىدىن ئايرىلغاندا، سوتسىيالىزم نىشانىدىن ئايرىلىمىز، توغرا يېتەكچى ئىدىيىدىن ئايرىلىمىز، ئورتاق ئىدىيىۋى بىرلىك بولمايدۇ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسى بولمايدۇ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىدە قەتئىي چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم.

دېمەك، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، بولۇپمۇ بۈگۈنكى كۈندە، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشنى قايتا - قايتا تەكىتلەش ئىنتايىن زۆرۈر. ئىچكى - تاشقى بۆلگۈنچى كۈچلەر تۈزلىرىنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، ھامان ئالدى بىلەن تۆت ئاساسىي پرىنسىپقا قارشى تۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، مىللىي تۈچمەنلىكنى قوزغىدى. ئۆتكەن يىل 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى بارىن يېزىسىدا مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار ۋە ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرلار دىنىي تونغا ئورىنىۋېلىپ، ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ قوزغىدى. شۇنىڭ بىلەن تۈزلىرىنىڭ جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە قارشى تۇرۇش، سوتسىيالىزمغا قارشى تۇرۇش، شىنجاڭنى ۋەتىنىمىزنىڭ چوڭ ئائىلىسىدىن ئايرىپ چىقىش...

ئۇرۇنۇشتىن ئىبارەت ئەكسىلئىنقىلابىي ماھىيىتىنى تولۇق ئاشكارىلىدى. بىز بىلەن مىللىي بۆلگۈنچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش، ماھىيەتتە، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش بىلەن تۆت ئاساسىي پرىنسىپقا قارشى تۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش بىلەن ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش، تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قارشى تۇرۇش بىلەن تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش. بۇ ئېلىمىزنىڭ ۋە مىللىتىمىزنىڭ ھايات - ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان سىياسىي كۈرەش، شۇنداقلا جىددىي سىنىپىي كۈرەش. بۇ كۈرەش يەنە ئۇزاق مۇددەت داۋاملىشىدۇ. شۇڭا بۇ كۈرەشنىڭ خاراكتېرىنى ئېنىق تونۇش، سىياسىي ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا قەتئىي چىڭ تۇرۇپ، تۈرلۈك شەكىلدىكى بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىملىرىغا، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلەرگە قارشى كەسكىن كۈرەش قىلىش لازىم. ئۇۋەتتە، مۇقىملىقنى ساقلاش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرىلىتىش ئۈچۈن، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش تەربىيىسىنى چوڭقۇر ئېلىپ بېرىپ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپنى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدە تېخىمۇ چوڭقۇر ئورنىتىش لازىم. شۇنىڭدەك پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، مىللەتلەر باراۋەر بولۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىش قائىدىسىنى قەتئىي تەۋرەنمەستىن داۋاملىق ئىزچىل ئىجرا قىلىشىمىز لازىم.

(ئاپتور: مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنى چوڭلار ماتارىپ باشقارمىسىدا ئىشلەيدۇ)

## جياڭ زېمىن ئاممىدىن كەلگەن خەت - چەكلەرنى ۋاقتىدا ئەستايىدىل بىر تەرەپ قىلدى

بۇلتۇر 7 - ئايدا، مەركىزىي كومىتېت ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى شاڭخەي شەھەرلىك مەلۇم ئىدارىدىن كەلگەن خەتنى تاپشۇرۇۋالدى. خەتتە يولداش جياڭ زېمىننىڭ شاڭخەي شەھىرىدە شەھەرلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى بولۇپ تۇرۇۋاتقان مەزگىلدە، شاڭخەي شەھىرى ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ چەت ئەلگە چىقىش ئالدىدا، شاڭخەي شەھەرلىك ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرىنى كۆرگەزمە قىلىپ سېتىش شىركىتىدىن ئۈچ تۈپ كەشتىنى ئېلىپ كەتكەنلىكى ئىنكاس قىلىنغان ئىدى.

مەركىزىي كومىتېت ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىدىكى رەھبەرلەر خەتنىڭ قىسقىچە مەزمۇنىنى يولداش جياڭ زېمىنغا يوللاپ بەردى. جياڭ زېمىن ئۇنىڭغا: «بۇ ئىشتىن تازراقمۇ خەۋىرىم يوقكەن، باشقىلار مېنىڭ نامىمنى سېتىپ ئېلىپ كەتكەنمۇ قانداق، ئۇزۇل - كېسىل تەكشۈرۈپ كۆرۈشۈڭلارنى ھەمدە تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن مېنى خەۋەرلەندۈرۈشۈڭلارنى سورايمەن»، دەپ تەستىق سالدى.

مەركىزىي كومىتېت ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى شاڭخەيگە ئادەم ئەۋەتىپ تەكشۈرۈپ، ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېنىقلاپ چىقتى: ئۆزاقى يىلى 3 - ئايدا، يولداش جياڭ زېمىن شاڭخەي شەھەرلىك ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ شۋېتسىيە، گوللاندىيە، ئەنگلىيە، بېلگىيە قاتارلىق تۆت دۆلەتكە زىيارەتكە چىقىدۇ، يولغا چىقىش ئالدىدا، شەھەرلىك تاشقى ئىشلار ئىشخانىسىدىكى ئىككى نەپەر يولداش شاڭخەي شەھەرلىك ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرىنى كۆرگەزمە قىلىپ سېتىش شىركىتىگە بېرىپ، «شاڭخەينىڭ سەھىرى» ناملىق ئۈچ تۈپ كەشتىنى يولداش جياڭ زېمىننىڭ نامىدا ھەقسىز ئېلىپ كەتكەن. زىيارەت داۋامىدا، كەشتىنىڭ بىر پارچىسىنى گوللاندىيە روتتېردام شەھەرلىك سانائەت ئىدارىسىغا، بىر پارچىسىنى بېلگىيە ئانتۋېرپېن شەھىرىنىڭ باشلىقىغا تەقدىم قىلغان، يەنە بىر پارچىسى شاڭخەي شەھەرلىك تاشقى ئىشلار ئىشخانىسىدا بار ئىكەن. شەھەرلىك تاشقى ئىشلار ئىشخانىسىدىكى ئىككى نەپەر يولداش ئىلگىرىكى ئۇسۇلى بويىچە، بۇ ئىشنى يولداش جياڭ زېمىنغا دوكلات قىلمىغان.

مەركىزىي كومىتېت ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى تەكشۈرۈش ئەھۋالى توغرىسىدا يولداش جياڭ زېمىنغا دوكلات يوللىغاندىن كېيىن، ئۇ دوكلاتقا: «مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى شاڭخەي شەھەرلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىغا دەپ قويۇڭلار، بۇنىڭدىن كېيىن رەھبەرلەر ئۆمەك باشلاپ زىيارەتكە چىقىشتا سوۋغا تەييارلاشقا توغرا كەلگەندە، باھاسى بويىچە پۇل تۆلىشى كېرەك. رەھبەرلەرنىڭ نامىدا ھەقسىز ئېلىپ كېتىشكە تېخىمۇ بولمايدۇ. بۇنداق ساختىلىق ئىللەتلىرى پارتىيىمىزنىڭ ئوبرازىغا زىيان يەتكۈزىدۇ»، دەپ تەستىق سالدى. مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى يولداش جياڭ زېمىننىڭ تەستىقىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ۋاقتىدا بۇنىڭدىن شاڭخەي شەھەرلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنى خەۋەرلەندۈرۈپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ۋە ئورگانلاردىن ئۇنى ئەستايىدىل ئىزچىل ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

(«پارتىيە ئىستىلى ۋە پارتىيە ئىنتىزامى» ژۇرنىلىدىن ئېلىندى)

## ماۋزېدۇڭنىڭ كىچىك ئىسمى

1951 - يىل 2 - ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى، پېڭ دېخۇەي چاۋشيەن جەڭ مەيدانىدىن قايتىپ كېلىپ ماۋ جۇشىغا خىزمىتىدىن دوكلات بېرىدۇ. سۆز ئارىلىقىدا ماۋزېدۇڭ ئۇنىڭدىن: «دېخۇەي، سىزنىڭ تەخەللۇسىڭىز شىجۇەنمۇ دەيمەن؟» دەپ سورايدۇ. پېڭ دېخۇەي باش لىڭشىتىپ: «شۇنداق، شىجۇەن» دەيدۇ. ماۋزېدۇڭ كۈلۈپ تۇرۇپ: «مېنىڭمۇ كىچىك ئىسمىم بار، سىز بىلەمسىز؟» دەيدۇ. پېڭ دېخۇەي بېشىنى چايقايدۇ. «مېنىڭ كىچىك ئىسمىم (شىسەنيازى)» دەيدۇ ماۋزېدۇڭ.(سەنيازى— 3 - ئوغۇل دېگەن مەنىدە— ت) پېڭ دېخۇەي ئويلىنىپ قالغان ھالدا: «ماۋزېمىن بىلەن ماۋزېتەندىن ئىبارەت ئىككى ئىنىڭىز بارلىقىنىلا بىلەتتىم، ئىككى ئاكىڭىزنىڭمۇ بار ئىكەنلىكىدىن خەۋىرىم يوق ئىكەن»، دەيدۇ.

«ئانامنىڭ دېيىشىچە ئىككى ئوغلى تۇرمىغان ئىكەن، مەن ئۈچىنچى بالىسى ئىكەنمەن، مېنىڭ تۇرۇپ قېلىشىم ئۈچۈن مومام مېنى ئاپىرىپ چوڭ بىر تاشقا چوقۇندۇرۇپ، كۆچە كۆيدۈرۈپ، ئىسمىمنى شىسەنيازى قويغان ئىكەن»، ماۋزېدۇڭ تاماكىسىنى قاتتىق بىر شورىۋالدى - دە، كۈلۈپ تۇرۇپ: «سىزنىڭ ئىسمىڭىز شىجۇەن، مېنىڭ ئىسمىم شىسەنيازى، ئىككىمىز تاش ئىكەنمىز» دەيدۇ. (شىجۇەن، شىسەنيازىدىكى «شى» خەنزۇچە «تاش» دېگەن مەنىدە —ت) ئۇزۇمنى ئۆزلىرى بىلەن تەڭلەشتۈرۈشكە قانداقمۇ جۈرئەت قىلاي»

دەيدۇ يېڭى دېخوەي قول چاپقاپ، «رەئىس، تۈزلىرى گۆھەر تاش، مەن پەقەت كېرەكسىز بىر تاشمەي!».

«مەنمۇ تاش»، دەيدۇ ماۋ زېدۇڭ قول چاپقاپ، «بىز ئىككى تاشنىڭ بىرىمىز ترومىنغا، بىرىمىز ماك ئارسىرغا ئېتىلىشىمىز كېرەك...»

(«خەلق گېزىتى»نىڭ چەت ئەل نۇسخىسىدىن ئېلىندى)

## نيۇ - يورك كوچىلىرىدىكى «لىبي فىڭ ئەترىتى»

80 - يىللارنىڭ باشلىرى، نيۇ - يورك شەھىرىنىڭ كوچىلىرىدا، تۈركۈملىگەن ياشلار ستىخىيلىك ھالدا «لىبي فىڭ ئەترىتى» بولۇپ تەشكىللىنىپ، 9 مىليون شەھەر ئاھالىسىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغدىغان، بۇ تەشكىلاتلار ئالاھىدە تۈس ئالغان. ئۇلار تەخمىنەن 1000دىن ئارتۇق ئادەم بولۇپ، ھەممىسى ھەققانىيەت تۇيغۇسى كۈچلۈك باش ئوقۇغۇچىلار ئىدى. «لىبي فىڭ ئەترىتى»دىكىلەرنىڭ ھەممىسى بېشىغا قىزىل رەڭلىك بېرې شەپكىسى كىيگەن، بىلىكىگە قىزىل يەڭ بەلگىسى تاقىغان، ئۈستىگە « » ياقىلىق كۆڭلەك كىيگەن، كۆكرىكىگە «لىبي فىڭ ئەترىتى» دېگەن خەتلەرنى باستۇرۇۋالغان، ئۇلار كوچىلارنى ئارىلاپ يۈرۈپ، ئاھالىلەرگە ياخشى ئىش قىلىپ بېرەتتى. ئەتىگەندە تاڭ ئەمدىلەتىن يورۇش بىلەنلا، «لىبي فىڭ ئەترىتى»دىكىلەر روھلۇق ھالدا خىلۋەت كوچا ياقىلىرىدا تۇرۇپ، ياشانغانلارنى جىنايەتچىلەر كۆپ، خەتەرلىك جايلاردىن ئۆتكۈزۈپ قوياتتى، كىچىك باللارنى يوللاردىن ئۆتكۈزۈپ قوياتتى. گەۋدىلىك ۋە چامباشچىلىقتىن خەۋىرى بار «لىبي فىڭ»چىلار كوچا ئېغىزلىرىغا مۆكۈنۈپ تۇرۇپ، جىنايەتچىلەرنىڭ ئەدىبىنى بېرىشكە تەييارلىنىپ تۇراتتى. كېچىلىرى كىشىلەر قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەندە، «لىبي فىڭ ئەترىتى»دىكىلەر توپ - توپ بولۇپ، نيۇ - يوركتىكى جىنايەت كۆپ سادىر بولىدىغان يەر ئاستى تۆمۈر يولى ۋە كوچا ئېغىزلىرىدا پاتروللۇق قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئىنتىزامى قاتتىق ئىدى، ھەر بىر كىشى ھەپتىدە ئىككى قېتىم تۆت سائەتتىن پاتروللۇق قىلىشى شەرت ئىدى.

(«ياشلار پايدىلىنىش ماتېرىيالى»دىن ئېلىندى)

## يېزا پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ يۆنىلىشى

مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مەسلىھەتچىسى چېن يىيىڭ دېھقانلارنى ئورتاق بېيىشقا يېتەكلەش يېزا پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ يۆنىلىشى، دەپ كۆرسەتتى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يېزا سىياسىتىنىڭ تۈپ ۋە ئاساسىي ئۇقۇمى كەڭ دېھقانلار ئاممىسىنى ئورتاق بېيىش يولىغا ماڭدۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. ئورتاق بېيىش — سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنىڭ مۇھىم ئىپادىسى، سوتسىيالىستىك يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ تۈپ مەقسىتى. «ئورتاق» دېگەندە، سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرۇش نەزەردە تۇتۇلىدۇ، بۇ ئۇقۇمنى ئەكىسلىمىگەندە، باي - نامراتلىق پەرقى چوڭىيىپ، ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈش كېلىپ چىقىدۇ؛ «بېيىش» دېگەندە، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، دېھقانلار ئاممىسىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش نەزەردە تۇتۇلىدۇ، بۇ ئۇقۇمنى ئەكىسلىمىسەك، ئىلگىرىكى «داش قازان تامىقى» دەۋرىگە قايتىپ، ھەممەيلەن بىرگە نامراتلىشىپ كېتىمىز. يېزا پارتىيە تەشكىلاتلىرى دېھقانلارنى ئورتاق بېيىشقا يېتەكلەشتە، ھەم سوتسىيالىزم يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇشى، ھەم پارتىيىنىڭ جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئاساسىي مەقسىتىدە چىڭ تۇرۇشى؛ ھەم پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى يۆنىلىشىنى گەۋدىلەندۈرۈشى، ھەم دېھقانلار ئاممىسىنىڭ ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرۈشى لازىم.

(«تەشكىلات - كادىرلار خىزمىتى گېزىتى»دىن ئېلىندى)

## بۈگۈنكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ نەشرىياتچىلىقى

ھازىر سوۋېت ئىتتىپاقىدا 8000 خىلدىن ئارتۇق گېزىت تارقىتىلىدۇ، ھەر بىر نۇسخىنىڭ تارقىتىلىش مىقدارى 180 مىليون پارچىدىن ئارتۇق. 3700 رايون ۋە

شەھەردىكى گېزىتلەرنىڭ ھەر بىر نۇسخىسىنىڭ تارقىتىلىش مىقدارى 36 مىليون پارچىغا يېتىدۇ. ھازىر، سوۋېت ئىتتىپاقى گېزىتلەرنىڭ تارقىتىلىش مىقدارىدا دۇنيا بويىچە 1 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىدا ھازىر نەشر قىلىنىۋاتقان ژۇرنال 5000 خىلدىن ئارتۇق بولۇپ، ئومۇمىي تارقىتىلىش مىقدارى 3 مىليارد 200 مىليون پارچىغا يېتىدۇ.

ھازىر سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ھەر بىر ئائىلە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئالتە نۇسخىدىن ئارتۇق گېزىت ۋە ژۇرنالغا مۇشتەرى بولىدۇ. قەرەللىك ژۇرناللار سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى 55 مىللەت تىل ـ يېزىقىدا چىقىرىلىدۇ، ئۇنىڭ 18 خىلى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن ئىلگىرى ئۆزىنىڭ يېزىقى يوق مىللەتنىڭ تىلىدا چىقىرىلىدۇ.

ھازىر، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ھەر يىلى 80 مىڭ خىلدىن ئارتۇق كىتاب ۋە بروشيۇرا نەشر قىلىنىدۇ، بىر قېتىملىق تارقىتىلىش مىقدارى 2 مىليارد پارچىدىن ئېشىپ كېتىدۇ.

ھازىر سوۋېت ئىتتىپاقىدا 200 نەچچە نەشرىيات، 3000 دىن ئارتۇق باسما زاۋۇت بار. باسما زاۋۇتلار كۈنىگە 230 خىل كىتابتىن جەمئىي 5 مىليون 700 مىڭ پارچىنى بېسىپ چىقىرالايدۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقىدا كلاسسىك ئەدەبىيات يازغۇچىلىرى ئەسەرلىرىنىڭ تارقىتىلىش مىقدارى بەكلا زور، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەر يىلى 2000 دىن ئارتۇق چەت ئەل يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرى تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرۇلىدۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىنىڭ ھەربىي نەشرىياتى ھەربىي، سىياسىي، ھەربىي نەزەرىيە، ھەربىي تېخنىكىغا دائىر ئەسەرلەرنى ۋە تارىخىي ئەسلىمە قاتارلىق ئەدەبىي ئەسەرلەرنى نەشر قىلىدۇ. ھەر يىلى 70 مىليون پارچىدىن ئارتۇق بروشيۇرا، كىتاب، ژۇرنال ۋە تەشۋىقات رەسىمى نەشر قىلىدۇ.

(«خەلقئاراغا نەزەر» ژۇرنىلىنىڭ 1990 ـ يىل 14 ـ سانىدىن ئېلىندى)

## لىنتا كېسىشنىڭ كېلىپ چىقىشى

لىنتا كېسىش ئامېرىكىدىن باشلانغان. ئەسلىدە ئامېرىكىلىقلار سودا ـ سېتىق قىلغاندا، كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغاش، دۇكىنىنىڭ يېڭى ئېچىلغانلىقىنى كىشىلەرگە بىلدۈرۈش ھەم كىشىلەرنىڭ ئالدىراپ كىرىۋېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، دۇكان ئىشىكى ئالدىغا توغرىسىغا لىنتا تارتىپ قوياتتى. 1921 ـ يىلى، ئامېرىكا سان ئانتونىئو شتاتى ھودىمى بازىرىدىكى بىر تۈرلۈكماللار شىركىتى تىجارەتنى باشلايدىغان كۈنى ئەتىگەندىلا دۇكاننىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋېتىدۇ. دۇكان خوجايىنى ۋىلس ئادەت بويىچە ئىشىك ئالدىغا لىنتا تارتىپ قويىدۇ، لېكىن تىجارەتنى باشلاشتىن ئىلگىرى، ئويلانمىغان يەردىن ئۇنىڭ كىچىك قىزى بىر كۈچۈكنى يېتىلىگەن ھالدا دۇكان ئىچىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ، لىنتىغا پۇتلىشىپ ئۇنى ئۈزۈۋېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن خېرىدارلار دۇكانغا كەينى ـ كەينىدىن كىرىپ تىجارەتنى جانلاندۇرۇۋېتىدۇ. كېيىن بۇ دۇكان خوجايىنى يەنە بىر تارماق دۇكان ئاچقاندىمۇ، ئەتەي قىزىغا لىنتىنى ئۈزدۈرۈۋېتىشنى تىجارەتنى باشلاشنىڭ شەكلى قىلىدۇ، بۇ چاغدىمۇ ئۇنىڭ تىجارىتى ناھايىتى جانلىنىپ كېتىدۇ.

كېيىن كىشىلەر بۇنى ياخشىلىقنىڭ بىر خىل ئالامىتى دەپ قاراپ، بىر مەھەل بەس ـ بەس بىلەن دورىشىدۇ. ئەڭ باشتا باللارنى لىنتىغا ئەتەي پۇتلاشتۇرۇپ ئۈزدۈرىدىغان بولدى، كېيىن بۇ خىل ئادەت قايچا بىلەن كېسىشكە ئۆزگەردى، يېقىنقى يىللارغا كەلگەندىلا رەڭلىك لىنتا، رەڭلىك شارلار ئەۋج ئالدى، بەلكى ئۇنى مەشھۇر شەخس، بەگ ـ غوجام قاتارلىقلار كېسىدىغان بولدى. كېيىن سودا ساھەسىدىلا ئەمەس، بەلكى ئورگان، مەكتەپ ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار قۇرۇلغان چاغدىمۇ لىنتا كېسىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدىغان بولدى.

(«دېھقانلار گېزىتى»دىن ئېلىندى)

## نوبېلنىڭ 100 خەتلىك تەرجىمھالى

مەشھۇر شەخسلەرنىڭ تەرجىمھاللىرى خىلمۇ خىل بولۇپ، ھەر قانداق خىلدىكىسىنى تاپقىلى بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە نوبېلنىڭ 100 خەت (خەنزۇچە خەت ھېسابىدا) چامىسىدىكى تەرجىمھالى بەكمۇ پەۋقۇلئاددە ئالاھىدىلىككە ئىگە.

نوبېل ھاياتىدا 225 خىل كەشپىيات كەشپ قىلغان بولۇپ، «پوروخ ئۇستىسى» دەپ نام ئالغان. ئۇنىڭ ئىلىم ـ پەن ھاياتى ئەگرى ـ توقاي بولۇپ، يېزىشقا تېگىشلىك سەرگۈزەشتىلىرى ناھايىتى جىق. ئەمما ئۇ نام ـ شۆھرىتى ۋە ئۆزىنىڭ پۈتۈن يەر شارىغا تارقالغاندىن كېيىن،

ئاكسىنىڭ ئۇنىڭ تەرجىمھالىنى يېزىش توغرىسىدىكى تەكلىپىنى كۆپ قېتىم رەت قىلغان. ئاخىرىدا ئامال قىلالماي مۇنداق يۇمۇرلۇق سۆزلەرنى يازغان: «ئالفرېد نوبېل، ئۇنىڭ بىچارە نىم جېنى دۇنياغا ئىگە ـ ئىگەلەپ كۆز يورۇغان چاغدا، شەپقەتلىك دوختۇرنىڭ قولىدا باقى ئالەمگە كېتىپ قالغىلى تاسلا قالغان ئىدى. ئاساسلىق گۈزەل ئەخلاقى: تىرنىقىنى پاكىز تۇتىدۇ، ئەزەلدىن باشقىلارغا چېتىلىپ قالمىغان. ئاساسلىق سەۋەنلىكى: خوتۇنى يوق، مىجەزى ئەسكى، ھەزىم قىلىش ئىقتىدارى ئاجىز. باشقىلار تەرىپىدىن تىرىك كۆمۈۋېتىلمەسمەكەن، دەيدىغان بىرلا ئارزۇسى بار. ئەڭ چوڭ جىنايىتى: بايلىق ئىلاھىغا چوقۇنماسلىق. ھاياتىدىكى ئاساسلىق ئىش ـ ئىزلىرى: يوق».

(«جەنۇبىي جۇڭگو گېزىتى»دىن ئېلىندى)

## قانداق كىشىلەر ماموق كىيىم كىيىشكە بولمايدۇ

پەي ـ ماموقنىڭ ئۇششاق تالالىرى ئادەم بەدىنىگە تەگكەن ياكى نەپەس يولىغا كىرگەندىن كېيىن، بىر خىل زىيادە سېزىمچانلىق ئالىرگىيە سۈيىدە، ئادەم تېنى ھۆجەيرىسىدە ئانتىتېلا رېئاكسىيىسىنى پەيدا قىلىپ، بىئولوگىيىلىك ئاكتىپلىقى ئىگە ماددىلارنى چىقىرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ماموق كىيىم كىيگەن، ماموق يوتقان يېپىنغاندا، زىيادە سېزىمچانلىق رېئاكسىيىسى بار ـ يوقلۇقىغا دىققەت قىلىشىڭىز كېرەك، دائىم ئەسۋە بولىدىغانلار، پېنىسىللىن، سۇلفانىلامىدتا سېزىمچانلىقى زىيادىلەر، دېمى سىقىلىش كېسىلى بارلار ۋە ھەر خىل زىيادە سېزىمچانلىق تېرە ياللۇغى، بۆرەك شارچىلىرى ياللۇغى قاتارلىق كېسەللىكلەرگە مۇپتىلا بولغانلار كېسەلنى ئېغىرلىتىۋېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ماموق كىيىم كىيمىگىنى تۈزۈك.

(«تۇرمۇش گېزىتى»دىن ئېلىندى)

## تۇزنى كۆپ ئىستېمال قىلىش چوڭ مېڭىگە زىيانلىق

تۇز مىقدارى كۆپ بولغان يېمەك ـ ئىچمەكلەرنىڭ يۇقىرى قان بېسىمىنى پەيدا قىلىشى ناتايىن، ئەمما ئۇ ئارتېرىيىگە زىيان يەتكۈزىدۇ. ئامېرىكا مىننېسوتا داشۆسى دوختۇرخانىسى يېقىندا ئېلىپ بارغان ھايۋانات

تەجرىبىسىدە، تۇزلۇق سۇ ئۇرۇلغان تەجرىبە چاشقانلىرىدا يۇقىرى قان بېسىمى پەيدا بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن چوڭ مېڭىسى كىچىك دائىرىدە نېكروزلانغان. بۇ تۇز پەيدا قىلغان ئارتېرىيە زەخملىنىشى ۋە ئارتېرىيە ئارىيىپ قان ئەمىلەشنى تۈزۈپ قويغانلىقى پەيدا قىلغان مېڭە ھۆجەيـ ـلىرىنىڭ نېكروزلىنىشىدۇر. ئۇلار، ياپونىيىلىكلەردە سەكتە بولۇش نىسبىتىنىڭ يۇقىرى بولۇشى دەل ئۇلارنىڭ تۇزنى كۆپ ئىستېمال قىلىدىغانلىقىدىن بولغان، دەپ قارىغان.

(«ياشلار پايدىلىنىش ماتېرىيالى»دىن ئېلىندى)

## «سۇ قايچىسى»

ئاۋىستىرىيە ئىنژېنېرلىرى يېقىندا بىر خىل ئالاھىدە كېسىش (پىچىش) ماشىنىسىنى لايىھەلەپ چىققان. بۇ ماشىنىنىڭ «كېسىش پىچىقى» پولات ئەمەس، بەلكى ئىنتايىن ئىنچىكە سۇ ئېقىمى بولۇپ، ئۇ غايەت زور بېسىم ئاستىدا، ئىككى ھەسسە ئاۋاز سۈرئىتىدىكى ئىتتىلىش كۈچىدە رەختكە ئۇرۇلۇپ، ئۇنى تەكشى ۋە سىلىق، يىپ ئۇچى قالدۇرـ ماي كېسىدىكەن. بۇنداق «سۇ قايچىسى» چوڭ تىپتىكى كىيىم تىكىش زاۋۇتلىرىدا ئىشلىتىشكە مۇۋاپىق ئىكەن.

(«گۇاڭشى ياچىيكا تۇرمۇشى»دىن ئېلىندى)

## پولشا «ھايانكەش»لىرى بېيجىڭدا

جۇڭگونىڭ پايتەختىگە ساياھەتكە كېلىۋاتقان ياۋروپالىقلار ئىچىدە، پولشالىقلار يېرىمىنى ئىگىلىگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ تۇرغۇنى «ھايانكەش».

پولشا «ھايانكەش»لىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئامېرىكا دوللىرى ئالغاچ كەلگەن بولۇپ، مۇلار بېيجىڭ كوچىلىرىدىكى ئەركىن بازارلاردا بىر ئامېرىكا دوللىرىغا 5.8 يۈەن خەلق پۇلى ئالماشتۇرۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن 100 يۈەن خەلق پۇلىغا 100 كۆسار سېتىۋېلىپ، ئۇنى يېرلىغا ئاپىرىپ بىر كۆسارنى 1 — 2 ماركىتىن ساتىدۇ. ئۇلار مۇشۇنداق سېتىۋېلىش ـ سېتىش ئارقىلىق 50 — 100 ئامېرىكا دوللىرى پايدا ئاپىدۇ.

پولشالىق بۇ «ھايانكەش»لەر قىسقا يەتكىلىك كۆڭلەك، تەنھەرىكەت ئايىغى، دېرىزە پەردىسى، كارىۋات كىرلىكى، سۈنئىي ياقۇت، مەرۋايىت، خۇرۇم ئاياغ ۋە ھەر خىل ئاق ھاراق قاتارلىق تاۋارلارنى ھايانكەشلىك قىلىپ ساتىدۇ. سودا ساھەسى بىلەن مۇناسىۋەتنى بىر قەدەر ياخشىلىۋالغان «ھايانكەش»لەر جۇڭگوغا قىلغان بىر قېتىملىق سەپىرىدىلا 6 — 9 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى تاپالايدۇ ھەمدە ماللىرىنى ئايروپىلان ئارقىلىق بىۋاسىتە ياۋروپادىكى مەلۇم جايغا ئاپىرىپ ساتالايدۇ.

(«جۇڭگو ئاياللىرى گېزىتى»دىن ئېلىندى)

# پارتىيە ئەزالىرىنىڭ مەجبۇرىيىتى ۋە ھوقۇقى بىر كومپارتىيە ئەزاسى بولۇشنىڭ كونكرېت ئۆلچىمىدۇر

يولداش تەھرىر:

مەن پارتىيىگە كىرىشنى ئاكتىپ تەلەپ قىلىۋاتقانلارنىڭ بىرى، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ نىزامنامىسى»نى ئۆگىنىش جەريانىدا، ئۇنىڭدا كومپارتىيە ئەزالىرىغا قارىتا سەككىز تۈرلۈك مەجبۇرىيەت ۋە سەككىز تۈرلۈك ھوقۇق بەلگىلەنگەنلىكىنى كۆردۈم. بۇ خىل تەلەپ بەك يۇقىرى بولۇپ، ئۇنى ھەقىقىي تولۇق ئورۇنداشمۇ ئاسانغا توختىمايدىكەن. بۇنى ئۆز ئەتراپىمدىكى بەزى كومپارتىيە ئەزالىرىغا ئەتىبقلاپ كۆرگەندىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭلا بۇنىڭ ھەر بىرىنى پۈتۈنلەي لاياقەتلىك ئورۇنداپ كېتەلىشى ناتايىندەك قىلىدۇ. شۇڭا مەندە بۇ ئۆلچەملەرگە ئىبخى يەتمەي تۇرۇپ پارتىيىگە كىرىشنى ئىلتىماس قىلىشقا بولامدۇ ـ بولمامدۇ؟ دېگەن ئوي پەيدا بولۇپ قالدى. سىزلەرنىڭ بۇ توغرىلىق چۈشەنچە بېرىشىڭىزلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

مۇشتىرىڭىزلار: ئەخەت

يولداش ئەخەت:

سىزنىڭ ئىدىيە جەھەتتىن پارتىيىگە كىرىشنى ئاكتىپ تەلەپ قىلىۋاتقانلىقىڭىز ھەمدە «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ نىزامنامىسى»نى ئۆزلۈكىڭىزدىن ئۆگەنگەنلىكىڭىز كىشىنى ھەقىقەتەن قايىل قىلىدۇ. تۆۋەندە سىز ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلە ئۈستىدە كۆز قارىشىمنى بايان قىلىپ ئۆتەي، پايدىلىنارسىز.

ئالدى بىلەن «پارتىيە نىزامنامىسى»دا بەلگىلەنگەن پارتىيە ئەزالىرىنىڭ مەجبۇرىيىتى ۋە ھوقۇقىغا قانداق قىلغاندا توغرا مۇئامىلە قىلغىلى بولىدۇ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ. پارتىيە ئەزالىرىنىڭ مەجبۇرىيىتى — پارتىيە ئەزالىرى ئادا قىلىشى شەرت بولغان مەسئۇلىيەتتۇر؛ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ھوقۇقى — پارتىيە ئەزالىرى بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك ھوقۇق ۋە مەنپەئەتتۇر. پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشى ۋە ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇشى پارتىيە ۋە خەلق مەنپەئىتىنى قوغداشنى پرىنسىپ قىلغان، پارتىيىنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى باش ۋەزىپىسى ۋە ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتىگە بويسۇنغان بولۇشى شەرت، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشى پارتىيىنىڭ ئەمىر ـ پەرمانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى مەقسەت قىلغان بولۇپ، ئۇ پارتىيە ئەزالىرى پارتىيىنىڭ ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنداشتا جەزمەن ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك بولغان مەسئۇلىيەتتۇر. پارتىيە ئەزالىرى بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك ھوقۇق ھەرگىز شۇ شەخسنىڭ ئالاھىدە ھوقۇقىغا قارىتىلغان بولماستىن، بەلكى، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، پارتىيە مەنپەئىتىنى قوغداش، پارتىيىنىڭ ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنداشتىكى سىياسىي ھوقۇققا قارىتىلغان.

«پارتىيە نىزامنامىسى» دا بەلگىلەنگەن پارتىيە ئەزالىرىنىڭ مەجبۇرىيىتى ۋە ھوقۇقى — پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ساپاسىنى ئۈستۈرۈش، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سېپىتىگە كاپالەتلىك قىلىشتا كەم بولسا بولمايدىغان شەرتتۇر. ئۇ ھەم قانداق قىلىپ بىر كومپارتىيە ئەزاسى بولۇشنىڭ كونكرېت ئۆلچىمى، ھەم بارلىق كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ لاياقەتلىك بولغان ـ بولمىغانلىقىنى ئۆلچەشتىكى مۇھىم تارازا. ئۇ بولغاندىلا، پارتىيە ئەزالىرى نېمىنى قىلىش، نېمىنى قىلماسلىق كېرەكلىكىنى، قانداق قىلغاندا توغرا، قانداق قىلغاندا خاتا بولىدىغانلىقىنى ئېنىق ئايرىپ، نىشانىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالالايدۇ، ھەق ـ ناھەقنى روشەن پەرقلەندۈرەلەيدۇ. كومپارتىيە ئەزالىرى ئۇنى ئەينەك قىلىپ، ئۆزلىرىنى دائىم تەكشۈرۈپ تۇرۇشى، قايسى تەرەپلەردە ئارتۇقچىلىق بارلىقىنى، قايسى تەرەپلەردە كەمچىلىك بارلىقىنى تېپىپ چىقىپ ۋە بۇ جەھەتتە ئۆزلۈكسىز تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئالغا ئىنتىلىپ،

لاياقەتلىك كومپارتىيە ئەزاسى بولۇشى كېرەك. پارتىيە تەشكىلىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇ بولغاندا، بىرلىككە كەلگەن بۇ تارازا ئارقىلىق پارتىيىگە كىرىشنى ئىلتىماس قىلىۋاتقان ئاكتىپلارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگىلى ۋە ئۇلارنى تەكشۈرگىلى، يېڭى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلغىلى، پارتىيە تەشكىلىنى ساپلاشتۇرغىلى، شۇنداقلا پارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيەلىگىلى ۋە نازارەت قىلغىلى، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ كوممۇنىزملىق ئاڭغا ئىگە ئاۋانگارت قوشۇنلۇق شەرەپلىك نامىنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ.

ئەمما، خۇددى سىز خېتىڭىزدە «بەزى پارتىيە ئەزالىرىنىڭمۇ بۇ تەلەپلەرگە پۈتۈنلەي ئۇيغۇنلىشىپ كېتەلىشى ناتايىن» دەپ بايان قىلغىنىڭىزدەك، تەلەپ بىلەن رېئاللىق ئوتتۇرىسىدا، كۆپ هاللاردا، مەلۇم پەرق بولۇپ تۇرىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇنداق هادىسىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. چۈنكى، كومپارتىيە ئەزالىرى ۋە پارتىيە تەشكىلى هەرگىز مۇئەللەقتە ياشىمايدۇ، بەلكى مۇرەككەپ جەمئىيەت ئىچىدە ۋە ئاممىا ئارىسىدا ياشايدۇ. مەۋجۇدىيەت ئاڭنى بەلگىلەيدۇ، جەمئىيەتتە توغرىنىمۇ، خاتانىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان هەر خىل ئىدىيە ۋە هەرىكەتلەرنىڭ، ئىلغار ۋە قالاق نەرسىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقى، مۇقەررەر هالدا، هەر بىر كومپارتىيە ئەزاسىغا مۇئەييەن تەسىر كۆرسەتمەي قالمايدۇ. رېئال ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا بىر قىسىم پارتىيە ئەزالىرى باركى، ئۇلار، ئاساسلىقى، ماركسىزم- لېنىنىزمنى ئۆگىنىشنى ۋە دۇنيا قاراشنى ئۆزگەرتىشنى بوشاشتۇرۇپ قويغانلىقتىن، ماركسىزم - لېنىنىزملىق مەيدان، ئىدىيە ۋە ئىستىلنى مۇستەهكەم تىكلىمەي، «پارتىيە ئەزاسلىق ئېڭى»نى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويغان. شۇڭا ئۇلار ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ مەجبۇرىيىتى ۋە هوقۇقىدىن ۋاز كەچكەن، ئاممىا ئارىسىدا بىر مۇنچە يامان تەسىرلەرنى پەيدا قىلغان. شۇنى كۆرۈش كېرەككى، بۇ بىر خىل سەل قاراشقا بولمايدىغان رېئال مەسىلە. ئەمما شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، بۇ خىل ئەهۋاللار پارتىيە تەشكىلىنىڭ ياردىمى ۋە تەربىيىسى ئارقىسىدا، شۇ كىشىلەرنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن جەزمەن تۈزىتىلىپ كەتكۈسى. دەرۋەقە، يەنە ناهايىتى ئاز ساندىكى كومپارتىيە ئەزالىرىمۇ باركى، ئۇلار خاتالىق پاتقىقىغا بارغانسېرى چوڭقۇر پېتىپ، ئاخىرى ئۆزلىرىنىڭ كومپارتىيە ئەزاسلىق سالاهىيىتىنىمۇ يوقىتىپ، پارتىيىدىن قوغلاپ چىقىرىلىپ، ئۆز ماكانلىرىنى تاپىدۇ. ئالايلۇق، خېنەن ئۆلكىسىنىڭ سابىق ئۆلكە باشلىقى لياڭ شياڭ ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق هۆكۈمىتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى توختى سابىر قاتارلىقلار پارتىيىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك تەربىيىسىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن يۇقىرى دەرىجىلىك رەهبىرىي كادىرى بولۇپ، كۆپ يىللاردىن بۇيان، پارتىيە ئىشلىرى ئۈچۈن ئاز بولمىغان پايدىلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىگەنىدى. بىراق، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا سىناقتا بەرداشلىق بېرەلمەي، پارتىيە ۋە خەلق بەرگەن هوقۇقتىن پايدىلىنىپ شەخسىي مەنپەئەتكە چوغ تارتىپ، ئۆزلىرىنىڭ كومپارتىيە ئەزاسلىق ئەقەللىي شەرتلىرىنىمۇ پۈتۈنلەي يوقاتقانلىقى ئۈچۈن، پارتىيىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى. بۇنىڭدىن جەزمەن ئىبرەت ئېلىشقا ئەرزىيدۇ.

ئەمدى، سىز ئوتتۇرىغا قويغان «‹پارتىيە نىزامنامىسى›-دىكى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ مەجبۇرىيىتى ۋە هوقۇقىنىڭ تەلىپىگە يەتمەي تۇرۇپ پارتىيىگە كىرىشنى ئىلتىماس قىلسام بولامدۇ؟» دېگەن مەسىلىگە كەلسەك، مېنىڭ قارىشىمچە، شەرت هازىرلاش ئەلۋەتتە زۆرۈر، لېكىن بۇ ئىلتىماس يېزىشقا هەرگىز زىت كەلمەيدۇ، ئىلتىماس يازغاندىن كېيىنمۇ ئوخشاشلا ئاكتىپلىق بىلەن شەرت هازىرلىغىلى بولىدىغۇ؟ سىز پەقەت ئۆزىڭىزنىڭ بارلىقىنى پارتىيىگە بېغىشلاش ئىرادىسىگە كەلگەن بولسىڭىز، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت جەڭچىسى بولۇشقا كۈچ سەرپ قىلسىڭىز، پارتىيىنىڭ بىۋاستە تەربىيىسى ئاستىدا ئۆسۈپ يېتىلىشنى خالىسىڭىزلا پارتىيە،

تەشكىلىگە ئىلتىماس يېزىپ ئۆزىڭىزنىڭ تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويىسىڭىز بولىدۇ، مەيلى. قانداق ۋاقىتتا ئىلتىماس يازسىڭىز، پارتىيە تەشكىلى سىزنى ھامان قىزغىن قارشى ئالىدۇ. پارتىيىگە كىرىش ئىلتىماسى يازغانلىق شۇ شەخسكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، كونكرېت كۆرەش نىشانىغا ۋە ئالغا ئىلگىرىلەشتىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئىگە بولغانلىقتىن دېرەك بېرىدۇ؛ پارتىيە تەشكىلىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇ سىزنىڭ تەلىپىڭىزنى بىلىدۇ - دە، سىزنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىڭىز ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى ياردەم بېرەلەيدۇ. ئەگەر سىز چوقۇم كىشىلەرنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرغىدەك بىرەر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغاندىن كېيىن ياكى شەرتلەرنى پۈتۈنلەي ھازىرلاپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن پارتىيىگە كىرىش ئىلتىماسى يازماقچى بولغان بولسىڭىز، ئۇنداقتا، سىزنىڭ پارتىيە تەشكىلى بىلەن بولغان بىۋاستە ئالاقىڭىز مەلۇم دەرىجىدە دەخلىگە ئۇچرايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئالىمھادىس، بۇلارنى ئورۇندىيالماي قالسىڭىز ئۈمىدسىزلىنىپ قالسىز، بۇ ئەلۋەتتە ياخشى ئەمەس.

پارتىيىگە كىرىشنى ئاكتىپ تەلەپ قىلىۋاتقان بىر يولداش دىققەت - ئېتىبارىنى دۇنيا قارىشىنى ئۆزگەرتىشنى كۈچەيتىشكە قارىتىشى، ئىنقىلابىي كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشىنى تىرىشىپ تىكلەپ، ئاڭلىق ھالدا ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇشى، تەشكىلىي جەھەتتىن پارتىيىگە كىرىش مەسىلىسى مەيلى قاچان ھەل قىلىنىشىدىن قەتئىينەزەر، ئالدى بىلەن ئىدىيە جەھەتتىن پارتىيىگە كىرىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئەلۋەتتە سىياسىي ئېتىقاد، ئۇلۇغۋار غايە، ئىدىيىۋى ئاڭ؛ ئەخلاق - پەزىلەت، ئەمگەك پوزىتسىيىسى، تەشكىلىي ئىنتىزام، ئىدىيە ۋە خىزمەت ئىستىلى قاتارلىق كۆپ تەرەپلەردىن ئۆزىنى تەربىيىلەشكە توغرا كېلىدۇ. پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا، پارتىيىگە ئېھتىياجلىق كىشىلەردىن بولۇپ چىققىلى بولىدۇ.

جېلىل

(بېشى 39 - بەتتە)

«ئابرويلۇق» ئاتىسى ئۇنىڭدىن بالىسىغا يۈز - خاتىرە قىلىشنى ئۆتۈنىدۇ. بىراق ئۇ: «قانۇن بولغان ئىكەن، قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ» دېگەن جاۋابنى بېرىدۇ. يەنە بىر قېتىم ئۇ مەلۇم جاۋابكارنىڭ دېلوسىنى تەكشۈرۈۋاتقاندا، جاۋابكارنىڭ ئاكىسى بىر قويىنىڭ گۆشىنى ئاغارغا سېلىپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە ئەكىرىپ قويىدۇ. يولداش كامىل كېرەم بۇنى بىلگەندىن كېيىن، ھېلىقى ئادەمنى چاقىرىپ كېلىپ، «سىزنىڭ قانۇن كادىرلىرىنى گۆش بىلەن سېتىۋالماقچى بولغىنىڭىز تولىمۇ ئەخمەقلىق، بۇ قىلغىنىڭىز قانۇن - ئىنتىزامنى كۆزگە ئىلمىغانلىق بولىدۇ» دەپ جىددىي تەنقىد قىلىپ، گۆشنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ. يولداش كامىل كېرەم ئۆزى پاك - دىيانەتلىك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تەپتىش مەھكىمىسىدىكى بارلىق كادىر - ساقچىلار ئارىسىدا ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىپ، ئۇلارغا پاك - دىيانەتلىك بولۇش، قەتئىي قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈش توغرىسىدا داۋاملىق تەربىيە بېرىدۇ. ئۇنىڭ تەربىيىسى بىلەن تەپتىش مەھكىمىسىدىكى كادىر - ساقچىلار ئارىسىدا ھازىرغىچىلىك ئىنتىزامغا خىلاپ ھېچقانداق ئىشلار كۆرۈلمەيدۇ.

يولداش كامىل كېرەم ئىقتىسادىي جەھەتتە ساقلانغان مەسىلىلەرنى ئېنىقلاش جەريانىدا، تاشقىرىق يېزىلىق تەمىنات - سودا كوپېراتىپىنىڭ سودا دۇكىنىدا مەسىلىنىڭ ئېغىر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ئۆزى بىۋاستە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ ھەمدە مەسىلىسى ئېغىر بولغان ئىككى كىشىنى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلغاندىن تاشقىرى، 67 مىڭ يۈەنلىك زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىپ، كوپېراتىپنى ئىقتىسادىي جەھەتتىكى يىمىرىلىشتىن ساقلاپ قالىدۇ. ئۇ ئەنە شۇنداق ئەمەلىي خىزمەت نەتىجىسى ۋە ئۈلگىلىك ئاساسەن، 1988 - يىلدىن بۇيان ناھىيە ۋە شۆبە تەپتىش مەھكىمىسى تەرىپىدىن ئىلغار قانۇن كادىرى بولۇپ باھالىنىپ، ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن تەقدىرلىنىدۇ ۋە مۇكاپاتلىنىدۇ.



# «ئالتۇن تاپار ئەۋلىيا»نىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى

ئابدۇراخمان توختى

خوتەن رايونىدا «ئالتۇن تاپار ئەۋلىيا» دەپ نامى چىققان سالى ئەخمەت نىياز 1988 - يىل 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى خىيانەتچىلىك جىنايىتى بىلەن خوتەن ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق قولغا ئېلىندى.

جىنايەتچى سالى ئەخمەت نىياز قاراقاش دەرياسىنىڭ يۇقىرىقى ئېقىن بويىغا جايلاشقان خوتەن ناھىيىسىگە قاراشلىق لاگرو يېزىسىنىڭ پويىنا كەنتىدىن بولۇپ، بۇ يىل 45 ياشقا كىرگەن. ئۇ 1962 - يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئوقۇشتىن توختاپ، ئۆز كەنتىدە بوغالتىر ۋە زاپىخوز بولۇپ ئىشلىگەن. 1970 - يىل 8 - ئايدا خوتەن ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسى ئۇنىڭ ھەر تەرەپتىكى ئىپادىسىگە قاراپ، لاگرو يېزىلىق ئامانەت - قەرز باش كوپىراتىپىغا كادىرلىققا قوبۇل قىلىپ، پەيزاۋات شۆبە ئامانەت - قەرز كوپىراتىپىنىڭ بوغالتىرلىقىغا تەقسىم قىلغان. ئۇ تىرىشىپ ياخشى ئىشلەپ، تەشكىلنىڭ ئىشەنچىسىگە ۋە خىزمەتداشلىرىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولۇپ، 1971 - يىلى 2 - ئايدا شەرەپ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولۇپ كىرگەن. ئۇ پارتىيىگە كىرگەندىن كېيىن، كەسپىي سەۋىيىسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، ئامانەت توپلاش ۋەزىپىسىنى يىلمۇ يىل ئاشۇرۇپ ئورۇنداپ، ئاسانلا كۆزگە كۆرۈنگەنلىكتىن، تەشكىل ئۇنى 1974 - يىل 10 - ئايدا لاگرو يېزىلىق ئامانەت - قەرز باش كوپىراتىپىنىڭ بوغالتىرلىقىغا يۆتكىگەن. ئۇ ئېخچمۇ تىرىشىپ ئىشلەپ، بىر قانچە قېتىم خىزمەت ئىلغارى بولۇپ باھالانغان. تەشكىل سالى ئەخمەت نىيازدىن ئېخچمۇ زور ئۈمىدلەرنى كۈتۈپ، ئۇنى ئارقا - ئارقىدىن لاگرو يېزىلىق ئامانەت - قەرز باش كوپىراتىپىغا مۇئاۋىن مۇدىر، مۇدىر، لاگرو يېزىلىق بانكا تىجارەت پونكىتىغا مۇدىر قىلىپ ئۆستۈرگەن ھەم پوجى، پويىنا شۆبە ئامانەت - قەرز كوپىراتىپلىرىنىڭ بوغالتىرلىقىنى قوشۇمچە ئىشلەشنى تاپشۇرغان.

سالى ئەخمەت نىيازنىڭ خىزمەت ئورنىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە، تۇرمۇش شارائىتىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئىدىيىسى ئۆزگىرىپ، كاللىسىدا «پۇل ھەممىدىن ئەلا» دېگەن روھىي ھالەت شەكىللىنىشكە باشلايدۇ. ئۇ پۇل تېپىپ بېيىشتىن ئىبارەت شېرىن خىيالنىڭ تۈرتكىسىدە 1982 - يىلى ئايالىنىڭ نامىدا بىر كىچىك كۆندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى دۇكىنى ئاچىدۇ. تىجارەتتىن تېزلا پايدىغا ئېرىشكەن سالى ئەخمەت نىياز پۇل تېپىشنىڭ ئاسان يولىنى تېپىۋالغانلىقىدىن سۆيۈنۈپ، دەرھال تىجارەت دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئېخچمۇ كۆپ پايدا ئېلىشنى ئويلايدۇ. ئەپسۇسكى، تىجارەت دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن ئېخچمۇ كۆپ دەسمايە كېرەك، ئەلۋەتتە. ۋەھالەنكى، سالى ئەخمەت نىيازنىڭ توققۇز بالىسى بولۇپ، پۈتۈن بىر ئائىلە كىشىلىرى پەقەت سالى ئەخمەت نىيازنىڭلا مائاشىغا قاراشلىق ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ قولىدا تىجارەت دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە يەتكۈدەك دەسمايە يوق ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا لاگرو يېزىلىق ئامانەت - قەرز باش كوپىراتىپىنىڭ مالىيە باشقۇرۇش تۈزۈمى مۇكەممەل

ئەمەس ئىدى. بىر ئادەم ھەم بوغالتىر، ھەم كاسسىر بولۇپ ئىشلەپ، ئامانەت ئېلىش، قەرز تارقىتىش ۋە تارقىتىلغان قەرز پۇللارنى يىغىۋېلىش خىزمىتىنى بىجىرەتتى. نىيىتىنى بۇزغان ئادەمگە خىيانەت قىلىشنىڭ يوللىرى ناھايىتى كەڭ ئىدى. سالى ئەخمەت نىياز كۆپ ئويلانغاندىن كېيىن ئاخىرى خىيانەت قىلىش قارارىغا كېلىدۇ-دە، ئۆزىنىڭ ئامانەت ئېلىش، قەرز تارقىتىش ۋە تارقىتىلغان قەرز پۇللارنى يىغىۋېلىشتىن ئىبارەت خىزمەت قولايلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئامانەت قويغۇچىلارغا چەك يېزىپ بېرىپ پۇلنى ھېسابقا كىرىم قىلماسلىق، يىغىۋالغان قەرز پۇللارنى ھېسابقا كىرىم قىلماسلىق، قەرز پۇلنىڭ ئورنىغا ماددىي نەرسىلەرنى يىغىۋېلىپ ئۇنى ھېسابقا كىرىم قىلماسلىق ۋە باشقىلار نامىدا يالغان قەرز ھۆججىتى ياساپ ھېسابقا ئۆتكۈزۈشتەك ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، 1982 - يىل 5 - ئايدىن 1987 - يىلى 5 - ئايغىچە بەتتە ئادەم چەك ئارقىلىق قەرەللىك ۋە قەرەلسىز ئامانەت قويغان 15 مىڭ 787.40



يۈەنگە، 19 ئادەمدىن قەرز ئۈچۈن يىغىۋالغان 23 مىڭ 981.40 يۈەنگە، سەككىز ئادەمدىن قەرز پۇلىنىڭ ئورنىغا يىغىۋېلىنغان 4651 يۈەن قىممە- تىدىكى ماددىي بۇيۇمغا ۋە 45 ئادەم نامىدا ياساپ چىققان 55 پارچە يالغان قەرز ھۆججىتىنى ھېسابقا ئۆتكۈزۈپ، 97 مىڭ 84.74 يۈەنگە، جەمئىي 142 مىڭ 304.54 يۈەنگە خىيانەت قىلىدۇ. سالى ئەخمەت نىياز ئۇنىڭدىن باشقا يەنە 1986 - يىل 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى لاڭرو بېزىلىق ئامانەت - قەرز باش كوپېراتىپ نامىدا قاراقاش ناھىيىسىنىڭ سايباغ بېزىلىق ئامانەت - قەرز باش كوپېراتىپىدىن 50 مىڭ يۈەن نەق پۇل قەرز ئېلىپ، ئۇنى ھېسابقا كىرىم قىلماي، ئۆز نامىدا «02 — 05 — 509» دېگەن مەخپىي نومۇر بىلەن ئەگرى ساي شۆبە ئامانەت - قەرز كوپېراتىپىغا ئامانەت قويۇپ، شۇ يىلى 11 - ئاينىڭ 11 - كۈنى بىر قىسىم پۇلنى ئەسلى قەرزىگە قايتۇرغان بولسىمۇ، قالغان 32 مىڭ 924.30 يۈەن پۇلنى يۆتكەپ تىجارەت ئىشلىرىغا ئىشلىتىپ ھازىرغىچە قايتۇرۇپ بەرمەي خىيانەت قىلىدۇ.

دېمەك، سالى ئەخمەت نىياز بەش يىل ئىچىدە ئومۇمەن 175 مىڭ 228.84 يۈەن پۇلنى خىيانەت قىلغان ۋە يۆتكەپ ئىشلەتكەن.

سالى ئەخمەت نىياز خىيانەت قىلغان پۇلنى تىجارەتنىڭ دەسمايىسى قىلىپ، تىزمەن - تىزمەنلەپ پۇل خەجلەيدىغان پايدىسى كۆپ چوڭ سودا بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇ ئىلگىرى - كېيىن شەخسلەردىن 11 توننا قىممەت باھالىق چىرىم تال تاش سېتىۋېلىپ، ئۇنىڭدىن 3995 كىلوگرامىنى باشقىلارغا 35 مىڭ 570 يۈەنگە ساتىدۇ. 170 تىن ئارتۇق ئادەم بىلەن ئالتۇن سودىسى قىلىدۇ. ئۇ كاي پايدا ئېلىپ، تېز بېيىغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئائىلە تۇرمۇشىدا ھەيران قالارلىق ئۆزگىرىش بولىدۇ. ئۈنئالغۇ، سىنئالغۇ، تېلېۋىزور قاتارلىق ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى، يۈك ئاپتوموبىلى، موتسىكلىت قاتارلىق زامانىۋى قاتناش قوراللىرى سېتىۋالغاندىن تاشقىرى يېڭىدىن ئۆي سېلىپ، ئۇنى قىممەت باھالىق ئۆي سەرەمجانلىرى

بىلەن شەھەر پاسىۋندا بىزنگەن ھەم ئىككى ئوغلىنىڭ تويىنى ھەشەمەتلىك ئۆتكۈزۈپ، تۆلارغىمۇ يېڭىدىن ئۆي سېلىپ بەرگەن. بىر نەچچە يىل ئىچىدە سالى ئەخمەت نىيازنىڭ ئۆيىگە كېلىپ - كېتىدىغان سودىگەرلەر بىلەن يەپ - ئىچەرمەنلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي، سانىسىزلىغان قويلارنىڭ كاللىسى ئېلىنىپ، زىياپەت ئۈستىگە زىياپەت ئۆتكۈزۈپ تۇرغان.

سالى ئەخمەت نىياز قولىدا سەنيەتنىڭ نورۇقىدەك ئايلىنىپ يۈرگەن ئالتۇننىڭ كېلىش مەنبەسىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن باشقىلارنى قايمۇقتۇرۇپ، «مەن تاغ ۋە دەريا بويلىرىنىڭ خالىغان جايىدىن ئالتۇن تاپالايمەن، ھەتتا كىمنىڭ يانچۇقىدا پاكى قايسى قوغۇن - تاۋۇزنىڭ ئىچىدە ئالتۇن بارلىقىنى بىر قاراپلا بىلەلەيمەن» دەپ ئىشەندۈرۈپ، خوتەن رايونىدا «ئالتۇن تاپار ئەۋلىيا» دەپ نام چىقارغان.

سالى ئەخمەت نىيازنىڭ تۇرمۇشىدىكى پەۋقۇلئاددە ئۆزگىرىش ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرىنىڭ ئاللىقاچان دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىغان ئىدى. 1985 - يىلى يازدا لاگرو ئامانەت - قەرز باش كوپېراتىپىنىڭ كادىرى ل × × × بىلەن م × × × سالى ئەخمەت نىيازنىڭ قەرز پۇل تارقىتىشىدا ئېغىر مەسىلە بارلىقىنى سېزىپ، دەرھال خوتەن ناھىيىلىك، خوتەن، ۋىلايەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك بانكىلىرىغا ئەھۋال ئىنكاس قىلدۇ. خوتەن ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسى بىلەن خوتەن ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسى مەخسۇس گۇرۇپپا تەيىنلەپ، سالى ئەخمەت نىيازنىڭ ھېسابىنى تەكشۈردى. ئىقتىسادىي مەنپەئەت سالى ئەخمەت نىيازنى جەمئىيەت ھۆججەتلىرى بىلەن مۇستەھكەم بىرلەشتۈرگەنلىكتىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزغا سىڭىپ كىرىپ، چوڭقۇر يىلتىز تارتقان مۇرەككەپ شەخس مۇناسىۋەت تورىدىكى، سالى ئەخمەت نىيازنىڭ خىيانىتى پاش بولۇش ئالدىدا تۇرسۇن، ئەكسىچە مەسىلە پاش قىلغۇچى م × × × گە 10 مىڭ يۈەن خىيانەت ئارتىپ قويۇلدۇ. ئىش تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ، نەتىجىدە سالى ئەخمەت نىيازنىڭ ھېسابى ئىلگىرى - كېيىن يەتتە قېتىم تەكشۈرۈلۈپ، ئەڭ ئاخىرى مەسىلە پاش قىلغۇچى ئاقلىنىپ، سالى ئەخمەت نىيازنىڭ 68 مىڭ يۈەنگە خىيانەت قىلغانلىقى، 50 مىڭ يۈەننى يۇتكەپ ئىشلىتىۋالغانلىقى ئېنىقلىنىپ، تەپتىش مەھكىمىسىگە ئەنزە مەلۇم قىلىنغان.

تەپتىش ۋە سوت ئورۇنلىرى تەھقىقلەش، پاكىتلارنى تەكرار سېلىشتۇرۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئارقىلىق سالى ئەخمەت نىيازنىڭ ئومۇمىي 142 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇلغا خىيانەت قىلغانلىقىنى ۋە 32 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇلنى يۇتكەپ ئىشلىتىۋالغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىققان. شۇنىڭ بىلەن «ئالتۇن تاپار ئەۋلىيا»نىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى ئاخىرى ئاشكارىلىنىپ، ئۇنىڭغا پارتىيىدىن چىقىرىش، ئۆلۈم جازاسى بېرىپ ئىككى يىل كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىش ھەمدە سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىشقا ھۆكۈم قىلىندى.

(بېشى 20 - بەتتە)

ئورگىنىدىكى كادىر - ساقچىلار خانتىبرەك پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ يېقىندىن ياردەم قىلىشى بىلەن بۇ يەرگە كېلىۋالغان قاچقۇنلارنى ئۈزۈل - كېسىل يوقىتىپ، غەلىبىنى قولغا كەلتۈردۇ.

بۇكەنت پارتىيە ياچېيكىسى بۇ يىل 8 -، 9 - ئايدا بارىن يېزىسى، ئاقتۇ ناھىيىسى، 10 - ئايدا ئوبلاستلىق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئاچقان تويىلاگىنى تىنچىتىش كۆرىشىدە خىزمەت كۆرسەتكەن ئىلغار كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنى تەقدىرلەش يىغىنلىرىدا ئايرىم - ئايرىم ھالدا «تويىلاگىنى تىنچىتىشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئىگە بولۇپ، لەۋھە ۋە ماددىي بۇيۇم بىلەن مۇكاپاتلاندى.

# يۇگوسلاۋىيە كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى پارچىلىنىشقا دۇچ كەلمەكتە

* ۋاڭ پىڭ *

يۇگوسلاۋىيە كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بولۇپ، ئۇ سېربىيە، كرودىيە، سلوۋېنىيە، بوسنىيە — گېرتسېگوۋىنا، ماكېدونىيە، قاراتاغ (مونتگرو) قاتارلىق ئالتە جۇمھۇرىيەتتىن تەركىب تاپقان فېدېراتىپ ئىتتىپاقداش دۆلەت. يۇگوسلاۋىيە كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىنىڭ ئاساسى بولغان يۇگوسلاۋىيە كوممۇنىستلىك پارتىيىسى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە يۇگوسلاۋىيىنىڭ مەملىكەت ئىچىدە ۋەتەنپەرۋەر دېموكرات زاتلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە ئۇلارغا رەھبەرلىك قىلىپ، فاشىزمغا قارشى كۆرەش ئېلىپ بارغان بىردىن بىر سىياسىي پارتىيە، ئۇلار تۆت يىل قوراللىق كۆرەش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق 1944 - يىل 10 - ئايدا ئۆز ۋەتىنىنى ئازات قىلدى. 1945 - يىل يۇگوسلاۋىيە سوتسىيالىستىك فېدېراتىپ جۇمھۇرىيىتى قۇردى. يۇگوسلاۋىيە كوممۇنىستىك پارتىيىسى يۇگوسلاۋىيىدىكى بىردىن - بىر پارتىيە بولۇپ قالدى. 1952 - يىلى پارتىيىنىڭ نامى يۇگوسلاۋىيە كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىغا ئۆزگەرتىلدى.

1990 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن بۇيان، شەرقىي ياۋروپانىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدىكى كەسكىن ئۆزگىرىشنىڭ تەسىرىدە ياۋروپانىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان يۇگوسلاۋىيىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدىمۇ غايەت زور ئۆزگىرىش يۈز بەردى. 70 نەچچە يىللىق تارىخقا ئىگە، 45 يىل ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن يۇگوسلاۋىيە كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى پارچىلىنىشقا دۇچ كەلدى.

يۇگوسلاۋىيە كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىدىكى ئاشكارا پارچىلىنىش 1990 - يىل 1 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ئېچىلغان يۇگوسلاۋىيە كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىنىڭ 14 - قۇرۇلتىيىدا باشلانغانىدى. 1989 - يىل ئاخىرىدا، يۇگوسلاۋىيىنىڭ ئەڭ تەرەققىي تاپقان ئىككى جۇمھۇرىيىتى — سلوۋېنىيە ۋە كرودىيە جۇمھۇرىيىتى كەينى - كەينىدىن قۇرۇلتاي ئېچىپ، كۆپ پارتىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنى ۋە ئەركىن سايلام ئېلىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلدى؛ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسى ئەمدى ئىشچىلار سىنىپى بولماستىن، بەلكى «بارلىق ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقنى ياراتقۇچىلار بولۇپ قالدى» دەپ تەكىتلىدى؛ يۇگوسلاۋىيە كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىنى «مۇستەقىل جۇمھۇرىيەتلەر ئىتتىپاقىنىڭ فېدېراتىپى» غا ئايلاندۇرۇشنى تەلەپ قىلدى؛ دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى بىكار قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى، يېڭى پارتىيە پروگراممىسى، يېڭى پارتىيە نىزامنامىسى تۈزۈشنى، پارتىيىنىڭ نامىنى ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلدى. 1990 - يىل 1 - ئاينىڭ 20 - كۈنى يۇگوسلاۋىيە كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىنىڭ 14 - قۇرۇلتىيى ئېچىلدى، لېكىن، قۇرۇلتاي ئېچىلىپ 3 - كۈنى سلوۋېنىيە ۋەكىللىرى ئوتتۇرىغا قويغان بىر قاتار تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى لايىھەلەر قۇرۇلتاينىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچرىغانلىقتىن، سلوۋېنىيە ۋەكىللىرى يىغىندىن چېكىنىپ چىقىپ، قۇرۇلتاينى ۋاقىتىنچە كېچىكتۈرۈشكە مەجبۇرلىدى.

1990 - يىل 1 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، سلوۋېنىيە كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېت ئومۇمىي يىغىن چاقىرىپ، يۇگوسلاۋىيە كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى توختىتىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. 2 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، يەنە ۋەكىللەر يىغىنى ئېچىپ پارتىيە نامىنى «سلوۋېنىيە كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى — دېموكراتىك ئىسلاھاتچىلار پارتىيىسى» گە ئۆزگەرتتى؛ يۇگوسلاۋىيە

كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىدىن ئايرىلىپ چىقىدىغانلىقىنى جاكارلىدى ھەمدە «مۇستەقىل سىياسىي تەشكىلات» سۈپىتىدە پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى، يۇگوسلاۋىيە كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىنىڭ مەركىزىي كومىتېت ھەيئەت رىياسەتىدىكى سلوۋېنىيە كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىنىڭ ۋەكىلى ھەيئەت رىياسەتىنىڭ يىغىنلىرىغا قاتناشمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. كرودىيە كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى 1990 - يىل 2 - ئاينىڭ 11 - كۈنى پارتىيە نامىنى «كرودىيە كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى — دېموكراتىك ئىسلاھاتچىلار پارتىيىسى» گە ئۆزگەرتىشنى قارار قىلىپ، «14 - قۇرۇلتايدىن ئىلگىرىكى يۇگوسلاۋىيە كوممۇنىزمچىلار پارتىيىسى مەۋجۇت ئەمەس» دەپ جاكارلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ماكېدونىيە جۇمھۇرىيىتى كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىمۇ پارتىيە نامىنى «ماكېدونىيە كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى — دېموكراتىك ئىسلاھاتچىلار پارتىيىسى»گە ئۆزگەرتتى. يۇقىرىقى جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى مۇستەقىللىق جاكارلىغانلىقتىن، بوسنىيە ۋە گېرتسېگوۋىنا جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىدىمۇ ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەر مەۋجۇت بولغاچقا، يۇگوسلاۋىيە كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئومۇمىي يىغىنى يىغىنغا قاتناشقانلارنىڭ قانۇنى بەلگىلىمىدىكى سانغا يەتمەي قالغانلىقى تۈپەيلىدىن ئېچىلماي قالدى.

يىغىن ئۆت ئاي ئارقىغا سۈرۈلگەندىن كېيىن، 5 - ئاينىڭ 26 - كۈنى بىر كۈن داۋاملاشتۇرۇلدى، سلوۋېنىيە، كرودىيە، ماكېدونىيە جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى رەھبەرلىك ئورگانلار يىغىنغا قاتناشمايدىغانلىقىنى جاكارلىغانلىقتىن، يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەرنىڭ سانى 65 پىرسەنتكە يەتتى. يىغىن 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى «يۇگوسلاۋىيە كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىنىڭ دېموكراتىك پروگراممىسىنى جانلاندۇرۇش قۇرۇلتىيى» ئېچىشنى قارار قىلدى. پارتىيىنىڭ يېڭى قۇرۇلتىيىنىڭ تەييارلىق يىغىنىغا قاراتاغ، بوسنىيە - گېرتسېگوۋىنا، سېربىيە جۇمھۇرىيەتلىرى ۋە كوسوۋو، ۋويېۋودىنا ئاپتونوم ئۆلكىلىرى بىلەن يۇگوسلاۋىيە خەلق ئارمىيىسى كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى تەشكىلاتىنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشتى. يېقىندا، بوسنىيە - گېرتسېگوۋىنا جۇمھۇرىيىتىمۇ نامىنى «بوسنىيە - گېرتسېگوۋىنا كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى — سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى» گە ئۆزگەرتتى، سېربىيە كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى سېربىيە سوتسىيالىستلار ئىتتىپاقى بىلەن بىرلىشىپ، «سېربىيە سوتسىيالىستلار پارتىيىسى» بولدى. ھازىرغا قەدەر پەقەت قاراتاغ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىلا نامىنى ئۆزگەرتمىدى.

بەزى جۇمھۇرىيەتلەردىكى كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى نامىنى ئۆزگەرتكەندىن كېيىن، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سانى ئازىيىپ كەتتى. ئەسلىدە 100 مىڭ ئەزاسى بولغان سلوۋېنىيە كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى كېمىيىپ 25 مىڭغا چۈشۈپ قالدى. كرودىيە كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسىمۇ 300 مىڭدىن كېمىيىپ 60 مىڭغا چۈشۈپ قالدى، بوسنىيە - گېرتسېگوۋىنا كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىنىڭ كۈنى تېخىمۇ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى.

1990 - يىلىنىڭ بېشىدا، يۇگوسلاۋىيە كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى 14 - قۇرۇلتايغا تەييارلىق قىلىش جەريانىدا، مۇنازىرە كەسكىن بولغانلىقتىن، بىر مۇنچە مەسىلىلەردە سلوۋېنىيە، كرودىيە جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىغا يول قويۇلۇپ، «كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىنىڭ ئاۋانگارت قوشۇن» ۋە «مونوپول سىياسىي تەشكىلات بولىدىغان دەۋرى ئۆتۈپ كەتتى»، كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى «بولشېۋىكىزمدىن ئادا - جۇدا بولىدۇ»؛ ئەركىن سايلام يولغا قويۇلىدۇ؛ دېموكراتىك سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ، دېگەنلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. 3 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، پۇقرالارنىڭ جەمئىيەتكە ئۇيۇشۇش قانۇنى ماقۇللىنىپ، «ئاساسىي قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش ئۇسۇلى بىلەن جەمئىيەت تەرتىپىنى ئۆزگەرتىشنى، دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە ۋە مۇداپىئە ئىشلىرىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشنى، ئاساسىي قانۇندا كاپالەتلەندۈرۈلگەن

كىشىلىك ھوقۇقى ۋە پۇقرالىق ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۆز قىلىشنى، مىللىي، دىنىي ياكى ئىرقىي ئۆچمەنلىكنى قوزغىتىشنى مەقسەت قىلمىغان، جىنايى ئىشلار بىلەن شۇغۇللانمايدىغان، مۇھىت ياكى جامائەت تازىلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلمايدىغان، قائىدە - يوسۇننى بۇزىدىغان ئىشلار بىلەن شۇغۇللانمايدىغان» ھەر قانداق 30 كىشى سىياسىي گۇرۇھ بولۇپ ئۇيۇشۇشقا بولىدۇ دەپ بەلگىلەندى. 4 - ئايغا كەلگەندە تىزىمغا ئېلىنىپ ئېتىراپ قىلىنغان يېڭى پارتىيە 130 دىن ئېشىپ كەتتى.

سلوۋېنىيە ۋە كرودىيە كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقلىرى ئالدى بىلەن كۆپ پارتىيە سايلىمىنى يولغا قويۇپ، ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئورنىدىن مەھرۇم بولۇپ قالدى. 4 -، 5 - ئايلاردا، سلوۋېنىيە بىلەن كرودىيە جۇمھۇرىيەتلىرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئۇرۇشتىن كېيىنكى تۇنجى قېتىم كۆپ پارتىيىلىك تۈزۈمدىكى پارلامېنت سايلىمى ئېلىپ باردى. ئالتە ئۆكتىچىلەر پارتىيىسىدىن تەركىب تاپقان سلوۋېنىيە دېموكراتىك ئۆكتىچىلەر گۇرۇھى «دېموس» جۇمھۇرىيەت پارلامېنتىدىكى 240 پارلامېنت ئەزاسى ئىچىدە 126 ئورۇنغا ئېرىشىپ 1 - ئورۇنغا چىقتى، سلوۋېنىيە كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى دېموكراتىك ئىسلاھاتچىلار پارتىيىسى 24 ئورۇنغا ئېرىشىپ 3 - ئورۇننى ئىگىلىدى. كرودىيەدە، كرودىيە دېموكراتىك ئورتاق گەۋدىسى — ھېردىس پارلامېنتتىكى 356 ئورۇندىن 196 نى ئىگىلەپ بىرىنچى ئورۇنغا ئۆتتى، كرودىيە دېموكراتىك ئىسلاھاتچىلار پارتىيىسى ئىككىنچى ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن سلوۋېنىيە ۋە كرودىيە جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى يۇگوسلاۋىيىدە ئالدى بىلەن ھاكىمىيەت سىرتىدىكى پارتىيىگە ئايلىنىپ قالدى.

مەملىكەت ئىچىدىكى سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىنى كۆزدە تۇتۇپ، 1990 - يىل 7 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، يۇگوسلاۋىيە فېدېراتىپ ھۆكۈمىتىنىڭ زۇڭلىسى ئانتى ماركوۋىچ يېڭى پارتىيە — «يۇگوسلاۋىيە ئىسلاھاتچىلار كۈچى ئىتتىپاقى» قۇرۇلغانلىقىنى ھەمدە فېدېراتىپ پارلامېنتىنىڭ كۆپ پارتىيىلىك تۈزۈمى سايلىمىدا سايلام رىقابىتىگە قاتنىشىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ھازىر يۇگوسلاۋىيىنىڭ مەملىكەت ئىچىدە يېڭىدىن قۇرۇلغان ھەر خىل، ھەر ياڭزا سىياسىي پارتىيىلەر ئىنتايىن كۆپ، بۇنىڭ كۆپىنچىسى مىللەتپەرۋەرلىك تۈسىنى ئالغان، ئۇنىڭ تەسىرى ۋە رولى شۇ جۇمھۇرىيەتتىلا چەكلىنىدۇ. 1989 - يىلىنىڭ بېشىدا فېدېراتىپ ھۆكۈمەتنىڭ زۇڭلىلىقىنى ئۈستىگە ئالغان ماركوۋىچ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلارنى تىزگىنلەش توغرىسىدا بىرىنچى ئىسلاھات لايىھەلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە ئەمەلدە كۆرسەتتى، يۇگوسلاۋىيىنىڭ ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى ياخشىلىنىشقا يۈزلەندى، ھازىر ماركوۋىچ مەملىكەت خاراكتېرلىك بىر يېڭى پارتىيە قۇرۇشقا تەييارلىنىۋاتىدۇ.

(تيەنجىن «ياچېيكا تۇرمۇشى»دىن)

## كەسپكە خاس ناتوغرا ئىستىل ۋە ئۇنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى

كەسپكە خاس ناتوغرا ئىستىل دېگەندە شەخس مەنپەئەت ياكى قىسمەن مەنپەئەتنى دەپ باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىگە ۋە ئومۇمنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان سالىدىغان، كەسپكە خاس خىزمەت ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ شەخسنىڭ ياكى كىچىك كوللېكتىپنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەيدىغان قىلمىشلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ فېئوداللىق كەسپداشلار ئۇيۇشمىسىغا خاس ئادەتنىڭ ۋە بۇرژۇئا مەنپەئەت پەرەسلىكنىڭ يېڭى ۋەزىيەتتىكى ئىنكاسى. ئۇنىڭ ئىپادىلىرى خىلمۇ - خىل بولىدۇ: پوپوزا بىلەن قاقتى - سوقتى قىلىش، خېرىدارلارنى تەڭلىكتە قويۇش؛ ھەر خىل ناملار بىلەن قالايمىقان سېلىق سېلىش؛ قالايمىقان ھەق ئېلىش، قالايمىقان جەرىمانە قويۇش؛ ساختىپەزلىك قىلىش، يالغاننى راست قىلىپ كۆرسىتىپ ئاممىنى ئالداش؛ پرىنسىپ ئۈستىدە سودىلىشىپ، ئىش بېجىرىشتە ئادەمگەرچىلىك قىلىش، ئادەمگەرچىلىك ھەققى ئېلىش، مۇناسىۋەت تورى ئورنىتىپ، ئومۇمنىڭ ئىشىنى شەخسىي غەرەز بىلەن بېجىرىش، ئارقا ئىشىكتىن مېڭىش؛ «يامۇل» ئىستىلىنى ئېغىر ھالدا يۇقتۇرۇۋېلىپ، پوزىتسىيىدە قەبىھلىشىپ، يولسىزلىق قىلىش، ھەتتا پارا بېرىپ، پارا ئېلىپ، خىيانەتچىلىك قىلىپ قانۇننى بۇزۇش، ئاممىنىڭ شىكايىتى بويىچە ئېيتقاندا، يائۇ «زومىگەر»، يابۇ «زومىگەر» بولۇۋېلىش.

(«ئىزدىنىش»تىن ئېلىندى)



# ماۋزېدۇڭ ۋە ئۇنىڭ كاتىپى تيەن جيايىڭ

پاڭ شيەنجى

(بېشى ئۆتكەن ساندا)

ئىككىنچى كۈنى سەھەردە، بىز ليۇ شياۋچى بىلەن بىللە مەخسۇس ئايروپىلان بىلەن يولغا چىقىپ، ۋۇخەن ئارقىلىق گۇاڭجۇغا باردۇق. ئايروپىلاندا، تيەن جيايىڭ ماۋزېدۇڭنىڭ ھېلىقى ئىككى پىكرىنى ليۇ شياۋچىغا يەتكۈزدى.

گۇاڭجۇغا بېرىپلا ھۆججەتكە تۈزىتىش كىرگۈزۈش ئىشىنى باشلىۋەتتۇق. ليۇ شياۋچى تۈزىتىش كىرگۈزۈش خىزمىتىگە ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلدى ھەمدە ناھايىتى ئۆتكۈر مەزمۇن ۋە سۆزلەرنى قوشتى. ھۆججەتكە بۇ قېتىمقى تۈزىتىش كىرگۈزۈش ئىشى ئېيە جايىڭغا تەس كەلدى، چۈنكى ئۇنى ئۆزىنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمىگەن پىكىرلەر بويىچە يېزىپ چىقىشقا بۇيرۇش ئۇنىڭغا ئېغىر كېلىشى، ئەپ كەلمەسلىكى، قەلەم تەگكۈزەلمەي قېلىشى تەبىئىي ئىدى.

تۈزىتىش كىرگۈزۈلۈپ، «تۈزىتىلگەن نۇسخا» دەپ ئاتالغان «كېيىنكى ئون ماددا»، يەنى ئىككىنچى «كېيىنكى ئون ماددا» 1964 - يىل 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى تەرىپىدىن تارقىتىلدى. ئىككىنچى «كېيىنكى ئون ماددا»دا ۋەزىيەت تېخىمۇ ئېغىر مۆلچەرلىنىپ، بۇ قېتىمقى ھەرىكەت «يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتىگە قارىغاندا تېخىمۇ كەڭ، تېخىمۇ مۇرەككەپ، تېخىمۇ چوڭقۇر كەڭ كۆلەملىك ئاممىۋى ھەرىكەت» دەپ قارالدى، ئۇنىڭدا بۇرۇنقى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى ۋە ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىغا تايىنىپ ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش دېگەن بەلگىلىمە ئۆزگەرتىۋېتىلدى، ئاممىنى دادىل قوزغاشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش تەكىتلەندى ھەمدە پۈتكۈل ھەرىكەتكە خىزمەت ئۆمىكى رەھبەرلىك قىلىدۇ دەپ بەلگىلىنىپ، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىغا بەك كەڭ، بەك ئېغىر زەربە بېرىلىۋېتىش، ھەتتا دۈشمەن بىلەن ئۆز ئوتتۇرىسىدىكى چېگرىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشتەك «سول» خاتالىق كېلىپ چىقتى.

«ئاۋۋالقى ئون ماددا» — سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان بۇ پروگراممىلىق خاراكتېرلىك ھۆججەتنى تەييارلاشقا ماۋزېدۇڭ تيەن جيايىڭنى قاتناشتۇرمىدى؛ «كېيىنكى ئون ماددا»نىڭ لايىھىسى — مەلۇم دەرىجىدە «سول»چىللىققا قارشى تۇرۇش، «سول»چىللىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئەھمىيىتىگە ئىگە بۇ ھۆججەتنى تۈزۈپ چىقىشتا تيەن جيايىڭ ئاساسىي تۈزۈپ چىققۇچىلىق مەسئۇلىيىتىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۈستىگە ئالدى؛ «كېيىنكى ئون ماددا»نىڭ تۈزىتىلگەن نۇسخىسى — ئېغىر «سول»چىللىق خاتالىقى بار بۇ ھۆججەتكە تۈزىتىش كىرگۈزۈش ئىشىغا تيەن جيايىڭ ئامالسىز قاتناشتى ھەمدە ئىدىيىدە ئۆز پىكرىدە قالدى. بۇ ئۈچ ھۆججەتنى تۈزۈپ چىقىش ۋە ئۇلارغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش جەريانىدىن تيەن جيايىڭنىڭ سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىدىكى «سول»چىل قىلمىشلارغا باشقىچە پىكىردە بولغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

ماۋزېدۇڭ «كېيىنكى ئون ماددا»نىڭ تۈزىتىلگەن نۇسخىسىغا نارازى بولۇپ (بۇنداق نارازىلىق شۇ چاغدا پارتىيە ئىچىدە كەڭ مەۋجۇت ئىدى)، 1964 - يىل 12 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە مەركىزىي كومىتېتنىڭ خىزمەت يىغىنىنى چاقىردى. يىغىن «يېزا سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىدە نۆۋەتتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بەزى مەسىلىلەر» دېگەن ھۆججەتنى ماقۇللىدى، بۇ ھۆججەت قىسقارتىلىپ «23 ماددا» دەپ ئاتالدى، بۇ ھۆججەت ئالدىنقىلارنىڭ خاتالىقلىرىنى تۈزىتىشنى مەقسەت قىلاتتى. «23 - ماددا»نىڭ چىقىرىلىشى بىر مەھەل يېزىلاردىكى جىددىي كەيپىياتنى پەسەيتىش، كەڭ ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى مۇقىملاشتۇرۇشتا مەلۇم رول ئوينىدى. لېكىن، بۇ ھۆججەتتە مەملىكەت ئىچىدىكى ئىجتىمائىي سىياسىي ۋەزىيەت يەنىلا خاتا مۆلچەرلىنىپلا قالماستىن، بەلكى بۇ قېتىمقى ھەرىكەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى «پارتىيە ئىچىدىكى كاپىتالىزم يولىدا ماڭغان ھوقۇقدارلارنىڭ تەدبىرىنى بېرىش»تىن ئىبارەت خاتا پروگرامما ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بۇ خاتالىق «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ «نەزەرىيە ئاساسى»نى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. بۇ — كېيىنكى سۆز.

## 15. سوتسىيالىزمنى زادى قانداق قۇرۇش كېرەك؟

«چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندىن كېيىن، پارتىيە ئىچىدىكى بىر مۇنچە يولداشلار سوتسىيالىزمنى زادى قانداق قۇرۇش كېرەك؟ دېگەن مەسىلە

ئۈستىدە ئويلانماقتا ئىدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى، پارتىيە كادىرلىرى ئىچىدە، بۇ مەسىلىدە مەسىلە يوقتەك قىلاتتى، ئومۇمەن ئالغاندا، ھەممەيلەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە ماۋزېدۇڭ كۆرسەتكەن يولنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى. لېكىن، 1958 - يىلى قىشتىن كېيىن، بولۇپمۇ 1959 - يىل يازدا چاقىرىلغان لۇشەن يىغىنىدىن كېيىن، بارغانسېرى كۆپ كىشىلەر گۇمانلىنىشقا، گاڭگىراشقا باشلىدى، تۇرغۇن كىشىلەر بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئويلىنىشقا باشلىدى. تېڭ جىياڭ ئەنە شۇ كىشىلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا، بەزى كىشىلەر خىيالىي سوتسىيالىزمچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى، ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىنلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوبدان تەتقىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ نېمە دېگەنلىكىگە قاراپ بېقىشنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. تېڭ جىياڭ بولسا تېخىمۇ كۆپرەك ئەمەلىيەتتىن جاۋاب ئىزدىدى.

تېڭ جىياڭنىڭ ئاساسىي ئىدىيىسى مۇنداق ئىدى: سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ، لېكىن سوتسىيالىزم قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇسۇلى خىلمۇخىل بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ قارىشىچە، جۇڭگودا سوتسىيالىزم قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇسۇلى مەسىلىسى تېخى ھەل بولمىغان ئىدى. شۇ چاغلاردا، ئۇنىڭ قانداقتۇر «سوۋېت ئېبتىپاقىچە»، «جۇڭگوچە» دېيىلگەن يۇقىرى قاتلاملىق ئۇقۇمنى ئوتتۇرىغا قويۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ئۇ كۆپىنچە مەسىلىنى كونكرېت مەسىلىلەر نۇقتىسىدىن، يېزا ئاساسىي قاتلاملىرىنى تەكشۈرگەن ئەھۋاللار نۇقتىسىدىن قوياتتى، ئۇنىڭدا تېخى بىر يۈرۈش سىستېمىلىق پىكىر شەكىللەنمىگەن ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلە ۋە ئوي - پىكىرلەر ھازىرقى نۇقتىدىن قارىغاندىمۇ يەنىلا ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە. تۆۋەندىكى سۆزلەر ئۇنىڭ 1961 - يىلى تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلغان مەزگىللەردە دېگەن گەپلىرى بولۇپ، ئۆزۈمنىڭ خاتىرە دەپتىرىمدىن ئېلىندى.

مەسىلەن: خەلقنى بېيىتىش توغرىسىدا. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مۇشۇ بىر نەچچە يىلدا كۆكشى ئەزالىرىنىڭ ئائىلە قوشۇمچە كەسىپى تۈگىتىۋېتىلدى. بىر دۆلەتنىڭ باي بولۇشى، ھەممىدىن ئاۋۋال، پۇقرالارنىڭ بېيىش - بېيىماسلىقىغا باغلىق. بىز كوممۇنىزمچىلار بېيىشنى تەكىتلەيمىز. بىزنىڭ مەقسىتىمىز — پۇقرالارنى بېيىتىش. بۇ مەسىلىدە بەزى يولداشلارنىڭ ئىدىيىسى تۇتۇق. پۇقرالار بېيىسا، ئاندىن دۆلەت بېيىيدۇ، بىز دۆلەتنى بېيىتىش بىلەنلا قالماستىن، ئۆلكە، ناھىيە، كۆكشىلارنىڭ زاپىسى بولۇشىغا ئىمكانىيەت بېرىشىمىز لازىم، شۇنداقلا پۇقرالارنىڭمۇ زاپىسى بولۇشىغا ئىمكانىيەت بېرىشىمىز لازىم. بىز كۆكشى ۋە ئىشلەپچىقىرىش دۈيلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇشىمىز، شۇنىڭدەك كۆكشى ئەزالىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنىمۇ باشقۇرۇشىمىز لازىم. پۇقرالارنى بېيىتىش — بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز. كۆكشى ئەزالىرىنىڭ ئائىلە قوشۇمچە كەسىپى تەرەققىي قىلسا، پۇقرالارنى بېيىتقىلى بولىدۇ، بۇ قورقۇنچلۇق ئەمەس». بۇ — تېڭ جىياڭنىڭ «60 ماددا»نى جۈشەندۈرگەن چاغدا، 1958 - يىلدىن كېيىن ئائىلە قوشۇمچە كەسىپىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشتەك «سول»چىل خاتالىققا قارىتىپ ئېيتقان سۆزلىرى. ئۇ ئۇقتىلىق ھالدا بىر تەرەپنى تەكىتلىگەن، بايان قىلىشى مۇكەممەل بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كوممۇنىزم قۇرۇلۇشىنىڭ مەقسىتىنىڭ خەلقنى بېيىتىشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەنلىكى «كەمبەغەل سوتسىيالىزم» ئىدىيىسىنى ئىنكار قىلغانلىقى ئىدى.

يەنە مەسىلەن: سودىنى جانلاندۇرۇش توغرىسىدا. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «سودا مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىشتا نېمىنى كۆزدە تۇتۇش كېرەك؟ ھازىرقى سودا، ئومۇمەن، بەك ئۇلۇك بولۇۋاتىدۇ. (ئۇلۇك) دېگەنلىك (بىرلىككە كەلتۈرۈشنىڭ ئۇلۇك بولۇشى)، (باشقۇرۇشنىڭ ئۇلۇك بولۇشى) (نەشكىلىي جەھەتتىكى قوشۇۋېتىش)، (ئۇلۇك قامال قىلىش) (ۋىلايەتلەر ئارا، ناھىيىلەر ئارا، كۆكشىلار ئارا بىر - بىرىنى قامال قىلىش) دېگەنلىكتۇر. سودىدا ئاۋاتلىق يوق». «نەرسە سېتىۋالغاندا تاللىۋېلىش ئىمكانىيىتى يوق، ھەتتا ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىش يولغا قويۇلۇۋاتىدۇ، بۇ نورمال بولمىغان ئېلىم - سېتىم مۇناسىۋىتىدۇر. مەسىلە تاۋار ئىشلەپچىقىرىشقا يول قويۇش - قويماسلىقتا بولۇۋاتىدۇ، تاۋار مەۋجۇت ئىكەن، نورمال ئېلىم - سېتىم مۇناسىۋىتى بولۇشى كېرەك. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا دۇكانلىرى ۋە تەمىنات - سودا كوپېراتىپىدىن باشقا، بىرلەشمە سودا دۇكىنى، بىرلەشمە گۇرۇپپىلارنى قۇرۇشقا، كىچىك دۇكانلارنى كۆپرەك ئېچىشقا بولامدۇ، يوق». «سودىنىڭ قالايمىقانلىشىپ كېتىشىنى بىر قانچە چوڭ ئۆزگەرتىش كەلتۈرۈپ چىقاردى. بەزى كىشىلەرنى ئۆز كەسپىگە قايتۇرۇپ كېلىش كېرەك». تېڭ جىياڭ سودىنى جانلاندۇرۇشنى، بازارلارنى ئاۋاتلاشتۇرۇشنى ئەزەلدىنلا تەشەببۇس قىلىپ كەلدى. ئۇ ئۈچ چوڭ ئۆزگەرتىشنىڭ كەمچىلىكىنى ئىككى سۆزگە يىغىنچاقلىغان ئىدى، بىرىنچى، «ئالدىراپ كېتىش»، ئىككىنچى، «تەپەككۇر قىلىش». ئالدىراپ كېتىش قەدەمنى بەك تېز ئېلىش دېمەكتۇر، تەپەككۇر قىلىش ئىقتىسادىي شەكىللەرنى بەك تەكشىلەپ، ھەممىنى بىر قېلىپقا سېلىش دېمەكتۇر.

يەنە مەسىلەن: ئىگىلىككە نوقۇل مەمۇرىي چارە بىلەن رەھبەرلىك قىلىشقا قارشى تۇرۇش توغرىسىدا. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «بەزى ئۇسۇللارنى ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئارمىيىلارغىمۇ

قوللىنىشقا بولمايدۇ، ئىنقىلاب قىلىپ ئېيتقاندا، ئىقتىسادىي ئىشلارغا سىياسىي چارە بىلەن، يەنى مەمۇرىي بۇيرۇق چارىسى بىلەن رەھبەرلىك قىلىشقا بولمايدۇ. سىياسىي ئىشلار بىلەن ئىقتىسادىي ئىشلارنىڭ چەك - چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىش كېرەك». يەنە مۇنداق دەيدۇ: «خەلق گۇڭشېلىرىنىڭ خىزمىتىگە كوللېكتىپ ئىگىلىككە رەھبەرلىك قىلىش ئۇسۇلى بىلەن رەھبەرلىك قىلىش كېرەك. بەزى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبەرلەر خەلق گۇڭشېسى ئىگىلىكىنىڭ پايدا - زىيانىغا ئۆزى مەسئۇل بولىدىغان كوللېكتىپ ئىگىلىك ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي تۈردە چۈشەنمەيدۇ. بەزى كادىرلار خەلق گۇڭشېسىغا مۇئامىلە قىلىشتا، ئىشلەپچىقىرىشقا قوماندانلىق قىلىشتا، خۇددى ئۆز ئائىلىسىنىڭ ئىشىدەك مۇئامىلە قىلىپ، قانداق قىلغۇسى كەلسە، شۇنداق قىلىدۇ، لېكىن بۇ ئىشلارغا جاۋابكار بولىدىغان چاغدا بولسا، ئۆز ئائىلىسىنىڭ ئىشىدەك قارىمايدۇ، خەقنىڭ مەھسۇلاتى كېمىيىپ كەتسە، يەيدىغىنى قالمىسا، ھېچقانداق جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالمايدۇ. بۇ، كوللېكتىپ ئىگىلىككە ھۆرمەت قىلغانلىق ئەمەس، كوللېكتىپ ئىگىلىككە توغرا مۇئامىلە قىلىش ئۇسۇلى ئەمەس».

يەنە مەسىلەن: پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: پارتىيە كومىتېتى خەلق كومىتېتى (ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى يەنى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى)غا رەھبەرلىك قىلىدۇ، چات كىرىۋالمايدۇ. بۇنى پارتىيە كومىتېتى خەلق كومىتېتىنى ئىشلىتىش - ئىشلەتمەسلىك مەسىلىسى دېيىشكە بولمايدۇ، پارتىيە كومىتېتى خەلق كومىتېتىغا ھۆرمەت قىلىشى كېرەك. خەلق كومىتېتى ئاددىي ھالدىلا ئىجرا قىلىش ئورگىنى ئەمەس، پارتىيە كومىتېتى مەسىلىلەرنى پارتىيە ئەزالىرى ئارقىلىق خەلق كومىتېتى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ھەل قىلىشى لازىم. پارتىيە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلىشى، شۇنداقلا ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىشى كېرەك». يەنە مۇنداق دەيدۇ: «پارتىيە كومىتېتىنىڭ ھوقۇقىنىڭ چوڭلۇقى ئۈستىدە ئىككى خىل قاراش بار، بىرى، پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئۆزىدە ھوقۇق چوڭ بولۇپ كەتتى، يەنە بىرى، مەمۇرىي ھوقۇقنى ئىگىلىۋالدى، دېگەندىن ئىبارەت. مەن بىرىنچى خىل قاراشتا ئەمەس، ئىككىنچى خىل قاراشتا». «ھازىر پارتىيە كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىك قىلىش ئەھۋالى مۇنداق: چوڭ ھوقۇقنى يالغۇز ئىگىلەش، كىچىك ھوقۇقنى تارقاتماسلىق؛ ھەمىشە ئالدىراپ - تېنەپلا يۈرۈش، چات كىرىشقىمۇ ئىلاجىسىز قېلىش؛ ئىشتا قارار بولسىمۇ، نېمە دېيىلگەن بولسا، شۇ بويىچىلا بېجىرىش؛ باشقۇرۇش - تەكشۈرۈشتە، جاۋابكار بولۇشقا ئىلاجىسىز قېلىش». تيەن جيايىڭ بۇ ئەھۋالنى نەزەردە تۇتۇپ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: «پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەت سىستېمىسىنى ئايرىۋەتسە قانداق بولار؟ ناھىيە باشلىقى گۇڭشې باشلىقىنى،

ناھىيىلىك پارتكوم گۇڭشې پارتكومىنى باشقۇرسا، ناھىيىلىك پارتكوم بىلەن ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى ھەر قايسىسى نېمە - نېمىلەرنى باشقۇرىدىغانلىقىنى ئېنىق بەلگىلەش كېرەك». ئۇ مۇنداق دەپ قارايدۇ: پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى قانداق بىر ياقلىق قىلىش ئىشى «پرولېتارىيات دىكتاتۇرىلىقىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى دۇچ كېلىۋاتقان بىر مەسىلىدەك تۇرىدۇ».

يەنە مەسىلەن: پارتىيە ئىچىدىكى دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇش توغرىسىدا. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «پارتىيە ئىچىدىكى دېموكراتىيىنى قانات يايدۇرۇش، مېڭىنى ئېچىشنى تەشەببۇس قىلىش، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ دېموكراتىيە ھوقۇقىنى ھەقىقىي كاپالەتلەندۈرۈش كېرەك، مەسىلىلەرنى تەڭ - باراۋەرلىكتە ئەركىن مۇزاكىرە قىلىشنى تەشەببۇس قىلىش كېرەك. بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، پارتىيىمىز ئىچىدە ئەھۋال بۇنداق بولمىدى، بۇ، خىزمەتلەرنى زىيانغا ئۇچراتقان سەۋەبلەرنىڭ بىرى. قارىمۇ-قارشى تەرەپنى تىڭلاش يامان ئىش ئەمەس. ھەقىقەت كۆپ ھاللاردا ئازچىلىقنىڭ قولىدا بولىدۇ. لېكىن ھازىر قارىمۇ قارشى تەرەپ كۆرەش نىشانىغا ئايلىنىپ قالدى». «ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئەستايىدىل يۈرگۈزۈشى لازىم. پارتىيە كومىتېتى ھەقىقىي تۈردە مەسىلىلەرنى كوللېكتىپ قارار قىلىدىغان ئورگانغا ئايلاندۇرۇلۇشى كېرەك. مەسىلىلەرنى قارار قىلىشتا، ئازچىلىق كۆپچىلىككە بويسۇنۇش پرىنسىپىنى ھەقىقىي تۈردە ئورۇنداش لازىم».

تيەن جيايىڭنىڭ يۇقىرىقى سۆزلىرى ئۇنىڭ بىر مەزگىل ئىچىدىكى مۇشۇ جەھەتتىكى بىر قىسىم ئىدىيىسىنىلا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. بۇنىڭ بەزىلىرى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ۋە سىياسىي تۈزۈلمە مەسىلىسىگە چېتىلىدۇ. بۇ، ئەينى ۋاقىتتا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە ئىدى.

## 16. خاڭجۇدىكى سۆھبەت

1965 - يىل 12 - ئاينىڭ بېشىدا، ماۋ زېدۇڭ چېن بودا، خۇ شېڭ، تيەن جيايىڭ، ئەي سىچى، گۇەن فېڭلارنى خاڭجۇغا چاقىرىپ كېلىپ، ئۇلار بىلەن بىر نەچچە ماركسىزم كلاسسىك ئەسەرلىرىگە مۇقەددىمە يېزىش ئىشىنى مۇزاكىرىلەشتى. ماۋ زېدۇڭ مۇقەددىمىنى جەزمەن جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئەمەلىي تەجرىبىلىرىگە بىرلەشتۈرۈپ يېزىشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

بىز خاڭجۇغا بېرىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، ماۋ زېدۇڭ جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلىشقا شاڭخەيگە كەتتى. خۇ شېڭ، تيەن جيايىڭ، ئەي سىچى قاتارلىقلار جىيجاڭدا قېپقالدى. تيەن جيايىڭ بىلەن

ئىككىمىز مۇشۇ پىرسەنتتىن پايدىلىنىپ، 1961 - يىلى تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلغان جىياشىڭ قاتارلىق جايلارغا يەنە بىر قېتىم باردۇق. قەدىناس جايىنى قايتا زىيارەت قىلىش بەك ھوزۇرلۇق ئىش ئىدى. ئۇ يەردە بۈگۈنكى يېزىلار گۈللەپ - ياشناش مەنزىرىسىگە چۆمۈلگەن بولۇپ، 1961 - يىلدىكى ۋەيرانە ئەھۋال بىلەن روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل بولغان، دېھقانلارنىڭ ساڭلىرى ئاشلىق بىلەن تولۇپتۇ، توخۇ - ئۆردەكلىرى توپ - توپ بولۇپ يۈرۈپتۇ، پۈتۈن جىياشىڭنىڭ يەرلىرىنىڭ 90 پىرسەنتى ئېلېكتىر كۈچى بىلەن سۇغىرىلىدىغان بوپتۇ، بۇ ھال كىشىنى بەك خوشال قىلاتتى. 1962 - يىلدىن باشلاپ مەملىكەت بويىچە ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش يىلىغا 20 مىليارد جىڭدىن ئېشىپ بېرىش سۈرئىتى بىلەن ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە راۋاجلاندى، باشقا بىر نەچچە خىل مۇھىم ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشمۇ ئەسلىگە كەلگەن ۋە راۋاجلانغان. سانائەت سېپىنىڭ ئەھۋالىمۇ ئوخشاشلا ياخشى بولغان.

بۇ، «60 ماددا» ۋە «تەڭشەش، مۇستەھكەملەش، تولۇقلاش، ئۆستۈرۈش» تىن ئىبارەت تۆت سۆزلۈك فاڭجېن ئىجرا قىلىنىشىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. بۇنداق خۇشاللىنارلىق ئىقتىسادىي ۋەزىيەتتىن كىممۇ رىغبەتلەنمىسۇن؟ جۇڭگودىن ئۈمىد زور ئىدى. ئەمما، دەل شۇ چاغدا بىر مەيدان زور قالايمىقانچىلىق تەييارلىنىۋاتاتتى. جياڭ چىڭ، جاڭ چۈنچياۋ، ياۋ ۋېنيۈەن قاتارلىقلار ھەرىكەتكە كەلگەن ئىدى. شاڭخەيدىكى «ۋېنخۇيباۋ» گېزىتى ياۋ ۋېنيۈەننىڭ «يېڭى تۈزۈلگەن تارىخىي دراما (خەي رۈينىڭ مەنسەپتىن قالدۇرۇلۇشى)» دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلدى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا «قىزىل بايراق» ژۇرنىلىدا چى بېنيۈنىڭ «ئىنقىلاب ئۈچۈن تارىخنى تەتقىق قىلىش كېرەك» دېگەن ماقالىسى ئېلان قىلىندى، گېزىت - ژۇرناللاردا ئارقىمۇ ئارقا تەنقىد ماقالىلەر ئېلان قىلىندى. ماۋ زېدۇڭنىڭ 12 - ئاينىڭ 21 - كۈنى شاڭخەيدىن خاڭجۇغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى سۆھبىتى ئەنە شۇ زور ئارقا كۆرۈنۈشنى ئاساس قىلغان.

بۇ قېتىمقى سۆھبەتتە، ماۋ زېدۇڭ خاتىمە بېرىش توغرىسىدا ئارتۇق گەپ قىلماي، پەلسەپە مەسىلىسى ئۈستىدە جىق گەپ قىلدى، ئادەمنىڭ دىققىتىنى ئەڭ بەك قوزغايدىغىنى ياۋ ۋېنيۈەن، چى بېنيۈ قاتارلىقلارنىڭ ماقالىلىرى توغرىسىدا ئېيتقانلىرى ئىدى. بۇ گەپلەر ئىچىدە: «(خەي رۈينىڭ مەنسەپتىن قالدۇرۇلۇشى)نىڭ ئەجەللىك يېرى مەنسەپتىن قالدۇرۇلۇش. جياجىڭ خان خەي رۈينى مەنسەپتىن قالدۇرغان ئىدى. پېڭ دېخۇەي — خەي رۈي. بىز پېڭ دېخۇەينى مەنسەپتىن قالدۇردۇق» دېگەن گەپلەر بار ئىدى. ماۋ زېدۇڭنىڭ بۇ مۇقام بەلگىلەيدىغان سۆزىدە، تارىخشۇناس ۋۇ خەننىڭ «خەي رۈينىڭ مەنسەپتىن قالدۇرۇلۇشى» دېگەن دراماسىنى

قىلچە ئاساسى بولمىغان ھالدا پېڭ دېخۇەيگە باغلاپ، كەسكىن سىياسىي مەسىلىگە ئايلاندۇرۇلغان. ماۋ زېدۇڭنىڭ بۇ سۆزىنى رەتلەيدىغان چاغدا، تيەن جيايىڭ بۇ سۆزلەرنى كىرگۈزمەسلىك كېرەك، چۈنكى ئۇ پاكىتقا ئۇيغۇن ئەمەس، «خەي رۈينىڭ مەنسەپتىن قالدۇرۇلۇشى»نىڭ پېڭ دېخۇەي مەسىلىسى بىلەن ئالاقىسى يوق، دېگەن ئىدى. بۇ سۆزنى ھەممىدىن ئاۋۋال خۇ شېڭ قوللىدى، ئەي سىچىمۇ قوشۇلدى، پەقەت گۇەن فېڭلا پوزىتسىيە بىلدۈرمىدى. بېيجىڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، گۇەن فېڭ بۇنىڭغا چىڭ يېپىشۇۋېلىپ، بۇ سۆزنى كىرگۈزمىمىز دەپ تۇرۇۋالدى، بىر مۇنچە نېرى - بېرى دېيىشلەر ئارقىلىق، ئەڭ ئاخىرىدا ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدىغان بولدى. كېيىن گۇەن فېڭ بۇ ئىشنى ئاشكارىلاپ قويغانلىقتىن، بۇمۇ تيەن جيايىڭنىڭ بىر جىنايىتى بولۇپ قالدى. بۇ چاغدا، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» باشلىنىش ئالدىدا تۇراتتى.

## 17. ئىككى خەۋپلىك دۈشمەن — چېن بودا بىلەن جياڭ چىڭ

تيەن جيايىڭ چېن بودا بىلەن بەئەينى تونۇشقان. ئۇ چاغدا مەركىزىي كومىتېتتا بىر سىياسىي ئىشلار تەتقىقات ئىشخانىسى بار ئىدى، ئۇنىڭ مۇدىرى ماۋ زېدۇڭ، مۇئاۋىن مۇدىرى چېن بودا ئىدى، تيەن جيايىڭ بۇ ئىشخانىنىڭ ئىقتىسادىي گۇرۇپپىسى، كېيىن سىياسىي گۇرۇپپىسىنىڭ تەتقىقاتچىسى ئىدى. چېن بودا بىر نەچچە پارچە كىتاب يازغان ئىدى، تيەن جيايىڭ ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ ئۇرغۇن ماتېرىيال توپلاپ بەرگەن ئىدى. ئۇ چاغدا بەئەينى شارائىت ياخشى بولمىغاچقا، ماتېرىيال توپلاش خىزمىتى ناھايىتى تەس ئىدى. كىتاب يېزىلىپ بولغاندىن كېيىن، چېن بودا كورەڭلىگەن ھالدا تيەن جيايىڭدىن: سەن نېمە خىزمەت قىلدىڭ؟ دەپ سورىغان، بۇ ئىش تيەن جيايىڭغا ھار كېلىپ، چېن بودانىڭ نائەھلى ئادەم ئىكەنلىكىنىمۇ بىلىپ قويغان ئىدى.

پۈتۈن مەملىكەت ئازاد بولغاندىن كېيىن، خىزمەت مۇناسىۋىتى تۈپەيلىدىن، تيەن جيايىڭنىڭ چېن بودا بىلەن ئۇچرىشىشى كۆپەيدى، چېن بىر ساختا ئادەم بولۇپ، سەمىمىي، كەمتەر قىياپەتكە كىرىۋالاتتى، ئەمەلىيەتتە، مەنمەنلىك قىلىدىغان، ئىچى تار، باشقىلارنىڭ نەتىجىسىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالىدىغان، سەۋەنلىكنى باشقىلارغا ئىتتىرىپ قويۇشقا ئۇستا، نىيىتى يامان ئادەم ئىدى.

تيەن جيايىڭ چېن بودانىڭ بۇ پەزىلەتلىرىنى بىلگەن ئىدى. ئۇنى ساختىپەز، چاكىنا، قارانىيەت دەيتتى. چېن بودا يازغان ئەسەرلەرگە باشقىلار توختاش بولمىغان

پىكىرلىرىنى بېرەلمەيتتى. كىمكى ماۋزېدۇڭنىڭ يېنىدا خىزمەتتە بىرەر نەتىجە قازىنىپ تەقدىرلەنسە، بۇنىڭغىمۇ چىدىمايتتى. تيەن جيابىڭ تۇرۇپ مۇددەت ماۋزېدۇڭنىڭ ئىتىبارلاپ ئىشلىتىشىگە ئېرىشكەنلىكىمۇ چېن بوداغا ئەلەم بولۇپ قالغان. 1955 - يىلى، ماۋزېدۇڭنىڭ تەكلىپى بىلەن مەركىزىي كومىتېتنىڭ سىياسىي ئىشلار تەتقىقات ئىشخانىسى يېڭىباشتىن قۇرۇلۇپ، چېن بودا مۇدىر، خۇ شېڭ بىلەن تيەن جيابىڭ مۇئاۋىن مۇدىر بولغانىدى. چېن بودا تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ خىزمىتى بىلەن كارى بولمىدى، تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ ئىشىغا پۈتۈنلەي خۇ شېڭ بىلەن تيەن جيابىڭ رىياسەتچىلىك قىلدى. 1962 - يىلىدىن كېيىن، ماۋزېدۇڭ بىلەن تيەن جيابىڭنىڭ مۇناسىۋىتى ئاستا - ئاستا يىراقلاشقىلى تۇردى، چېن بودا پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ماۋزېدۇڭغا: تيەن جيابىڭ «تۈز بىشىمچىلىق قىلىپ»، «چوڭ ھوقۇقنى قولغا ئېلىۋالدى»، مەن تەتقىقات ئىشخانىسىنى باشقۇرالمايدىغان بولۇپ قالدىم ۋە ھاكازا دەپ «ئەرز» قىلغان. بۇ پۈتۈنلەي ئويدۇرما ئىدى. شۇ يىللاردا تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ ئىشىغا رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقان خۇ شېڭ ۋە تەتقىقات ئىشخانىسىدا ئىشلەۋاتقان تۇرغۇن يولداشلار ئىشنىڭ پۈتۈنلەي ئۇنداق ئەمەس ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. ئەپسۇسكى، ماۋزېدۇڭ چېن بودانىڭ بۇ تۆھمىتىگە ئىشىنىپ قالغان ھەمدە مەركىزىي كومىتېتنىڭ بىر قېتىملىق يىغىنىدا، بۇنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن، بۇنىڭ بىلەن تيەن جيابىڭ ناھەقچىلىققا ئۇچرىغان. يىراق ئارقىدىن «ئەرز» قىلىشتەك چاكىنا قىلىقلارنى ھەرگىز ئوچۇق سورۇندا ئوتتۇرىغا قويالمايتتى، تيەن جيابىڭ دەرقەمدە ياكى تېلېفوندا چېن بوداغا سوئال قويسا، چېن بودانىڭ زۇۋانى تۇتۇلۇپ، دۇدۇقلاپ خېلى ئۇزۇنغىچە گەپ قىلالماي تۇرۇپ قالاتتى. تيەن جيابىڭ ئادىل، تۈز كۆڭۈل، ناھەقچىلىققا يول قويمايدىغان ئادەم ئىدى. شۇ يىللاردا بىر مۇنچە كىشىلەر چېن بودادىن قورقاتتى، تيەن جيابىڭ بولسا ئۇنىڭدىن قورقمايتتى. چېن بودا ئۆزى يولسىز بولغانلىقى ئۈچۈن، تيەن جيابىڭنى ھېچنېمە قىلالمايتتى. ئۇزاق مەزگىل ئىچىدە ئاداۋىتى كۈچىيىپ كەتكەنلىكتىن، ئۇ تيەن جيابىڭغا بەك ئۆچ بولۇپ، ئۇنى يوقىتىۋەتكۈسى كېلەتتى. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» باشلىنىش بىلەن پۇرسەت كېلىۋېدى، چېن بودا ھەممىدىن ئاۋۋال قوزغىلىپ، 5 - ئاينىڭ 9 - كۈنى (دىققەت: بۇ «16 - ماي» ئۇقتۇرۇشى چىقىرىلىشتىن يەتتە كۈن ئىلگىرى، تيەن جيابىڭ خىزمىتىدىن توختىتىلىپ ئەسلەشكە چىقىرىپ قويۇلۇشتىن 11 كۈن ئىلگىرىكى ۋاقىت) ئالدىراپ - تېنەپ ماركسىزم - لېنىنىزم، تەتقىقات ئىنستىتۇتى (سىياسىي تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ كېيىنكى ئورگىنى)غا شاپاشلاپ بېرىپ، ئوت قۇتراتقۇلۇق قىلىپ، كۆپچىلىكنى تيەن جيابىڭنى پاش قىلىشقا قۇتراتتى. بىر قېتىمقىسىغا قانائەت قىلماي، ئىككىنچى قېتىم يەنە باردى. تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ شۇ چاغدىكى باش كاتىپى زى مو (يەنە ئەينى چاغدا ئۇ ماۋزېدۇڭنىڭ كىتابلىرىنى باشقۇراتتى)نىڭ تيەن جيابىڭ بىلەن مۇناسىۋىتى ياخشى بولغانلىقى ئۈچۈن، چېن بودا ئۇنىمۇ تيەن جيابىڭغا چېتىپ، تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا «باش كاتىپ دىكتاتۇرىسى»نى يۈرگۈزدى ۋە ھاكازا دەپ تەنقىد قىلدى، ئۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» داۋامىدا زىيانكەشلىككە ئۇچراپ ئۆلۈپ كەتتى.

تيەن جيابىڭنىڭ يەنە بىر خەۋپلىك دۈشمىنى جياڭ چىڭ ئىدى. جياڭ چىڭ ئۆزىنىڭ ئالاھىدە سالاھىيىتىنى پەش قىلىپ، تېرىسىگە پاتماي، بەك كۆرەڭلەپ كەتكەنىدى. تۇرمۇشتا راھەت - پاراغەتكە بېرىلىپ كەتكەن، ئىچى يامان، قولى زەھەر ئايال ئىدى. ئۇنىڭ تارىخىنى تيەن جيابىڭ بۇرۇندىنلا بىلەتتى، ئۇنىڭ خىلمۇ خىل قىلمىشلىرىنى تيەن جيابىڭ تېخىمۇ يامان كۆرەتتى. تيەن جيابىڭ ئۇنىڭغا يۈز - خاتىرە قىلمايتتى، ئۆزىنىڭ ھېسسىياتى ۋە پوزىتسىيىسىنى تېخىمۇ يوشۇرمايتتى، ئۇنىڭ جياڭ چىڭنى ئۆچ كۆرىدىغانلىقى ۋە كۆزگە ئىلمايدىغانلىقىنى جياڭ چىڭنىڭ سەزمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. جياڭ چىڭنىڭ نەزىرىدە، تيەن جيابىڭ بويسۇندۇرغىلى بولمايدىغان، شۇ سەۋەبتىن ئەپلەشكىلى بولمايدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ پۇرسەت تاپسىلا تيەن جيابىڭغا «ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك» قىلاتتى. 1962 - يىلى تيەن جيابىڭ مەھسۇلاتنى ئائىلىلەرگە كۆتۈرە بېرىش مەسىلىسى مۇناسىۋىتى بىلەن تەنقىد قىلىنغاندا، جياڭ چىڭ بىرىنچى بولۇپ (ئەينى ۋاقىتتا يالغۇز جياڭ چىڭلا) ئۇنىڭغا «بۇرژۇئا ئۇنسۇر» دېگەن سىياسىي قالپاقنى كىيدۈردى. 1966 - يىلى ئەتىيازدا گۇەن فېڭنىڭ سىرنى پاش قىلىپ قويۇشى دەل جياڭ چىڭنىڭ پىلانلىشى ئارقىسىدا مەخپىي يوسۇندا بولغانىدى.

1966 - يىل 5 - ئايدا، چوڭ قالايمىقانچىلىق باشلاندى. چېن بودا بىلەن جياڭ چىڭنىڭ — «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ چوڭ ھوقۇقنى قولغا كىرگۈزىۋالغان، ماۋزېدۇڭنىڭ ئېتىبارلاپ ئىشلىتىشىگە بولۇۋالغان، ئۇزاقتىچە كومپارتىيە ئىچىدە يوشۇرۇنۇپ كەلگەن بۇ ئىككى قارانىيەت، سۇيىقەستچىنىڭ تەھدىتى ئالدىدا، «خىزمىتىنى توختىتىپ ئەسلەشكە قويۇش»نىڭ قاتتىق زەربىسى ئاستىدا، تيەن جيابىڭ ئۆزىنىڭ يولداشلىرى ۋە دوستلىرى ئۈمىد قىلمايدىغان يولنى تاللىۋالدى. ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى روھىي ھالىتى ئۇنىڭ ئالدىنقى كۈنى ئاخشىمى رەپىقىسى دۇڭ بيەنگە ئېيتقان مۇنۇ سۆزلىرىدە ئىپادىلەنىدۇ: «ماڭا جياڭ چىڭ بىلەن چېن بودا قارا چاپلاپ زىيانكەشلىك قىلدى، (ياخشىلىققا ياخشىلىق، يامانلىققا يامانلىق) دېگەن بار. مەن بۇ چاياناللارنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى

بولىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيمەن». مەرھۇمنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن خېتىنىڭ ئاخىرقى ئىككى جۈملىسى مۇنداق: «پارتىيىنىڭ مەسىلىنى ئېنىقلايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن، ناھەقچىلىقنىڭ كۆمۈلۈپ قالمايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن!» ئارىدىن 15 يىل ئۆتەر-ئۆتمەيلا، چىن بودا، جياڭ چىڭ قاتارلىقلار ئاخىرى ئۆزلىرىگە تېگىشلىك «يامان نېسىۋە»گە ئېرىشىپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ پەۋقۇلئاددە سوت مەيدانىغا ئېلىپ چىقىلىپ، 1980 - يىل 1 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 18 يىللىق قاماق جازاسىغا ۋە ئۆلۈمگە بۇيرۇپ ئىككى يىل كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىش جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى.

## 18. ئاخىرقى سۆز

تيەن جيايىڭنىڭ بىزدىن ئايرىلغىنىغا 23 يىل بولدى، ماۋ زېدۇڭنىڭ ئالەمدىن ئۆتكىنىگىمۇ 13 يىل بولۇپ قالدى. تيەن جيايىڭ ماۋ زېدۇڭغا كاتىپ بولغان 18 يىلنىڭ كۆپ قىسمىدا، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئەپ، يېقىن ئىدى، ئارازىلىق يوق ئىدى. كېيىنكى چاغلاردا سىياسەت، تەشەببۇس جەھەتتىكى ئىختىلاپ تۈپەيلىدىن، ئاستا - ئاستا يىراقلىشىپ، چوڭقۇر ئارازىلىق پەيدا بولدى. ماۋ زېدۇڭ بىلەن تيەن جيايىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئۆزگىرىپ بېرىشىدىن، شۇنداقلا كىچىككىنە بىر يان تەرەپتىن دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىنكى 17 يىلدا دۆلىتىمىزنىڭ ئەگرى - توقاي يولنى بېسىپ ئۆتكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

تيەن جيايىڭ ماۋ زېدۇڭغا كاتىپ بولۇپ بۇ مۇھىم خىزمەت ئورنىغا ئىگە بولغان چاغلاردا، بۇنىڭلىق بىلەن ھېچقاچان ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغان، ماختىنىدىغان، تەكەببۇرلۇق قىلىدىغان ئىپادىسىنى كۆرسەتمەيتتى. كىشىلەر ئۇنى ھۆرمەتلەيتتى، ئاساسەن ئۇنىڭ بىلىم - ئىقتىدارىغا، پىكىرلىكلىكىگە، چىقىشقاقلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇيتتى. تيەن جيايىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورگىنىدا، ماۋ زېدۇڭنىڭ يېنىدا ئىشلىگەن چاغلاردا، ئىشلارغا بەكمۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى، ئىنتىزامغا قاتتىق رىئايە قىلاتتى. خىزمەتتە ئەستايىدىل، ئىخلاسمەن بولۇپ، ئۆز خىزمىتىنى مەسئۇللۇق بىلەن ئىشلەيتتى، قىلچە بېپەرۋالىق قىلمايتتى. ماۋ زېدۇڭغا يېنىكلىك ۋە مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن تەكلىپ بەرمەيتتى. ئۇ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ياداروسىنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا بەكمۇ كۆڭۈل بۆلەتتى. ئۇ. ماۋ زېدۇڭنىڭ يېقىن ئادىمى ۋە كاتىپى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ماۋ زېدۇڭنىڭ ئالدىدا مەركىزىي كومىتېتنىڭ ھەر قانداق بىر رەھبىرى ئۈستىدە بولمىغۇر گەپلەرنى قىلمايتتى؛ بۇنىڭ ئەكسىچە، بۇ ئىتتىپاقلىقنى ئۆز ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ئاكتىپ قوغدايتتى. مەسىلەن، 1963 - يىلى ئۇ مەھسۇلاتنى ئائىلىلەرگە كۆتۈرە بېرىش مەسىلىسى توغرىسىدا يازغان تەكشۈرۈش دوكلاتىدا مەركىزىي كومىتېتنىڭ ھېچقانداق بىر رەھبىرىنى چىشلەپ تارتماي، جاۋابكارلىقنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. تيەن جيايىڭنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيەتنى مۇھىم بىلىپ، پارتىيىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش روھى، قەيسەرلىك ۋە توغرىلىق ئىستىلى ماڭا ۋە ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بىلىدىغان بارلىق يولداشلارغا مەڭگۈ ئۆچمەس تەسىر قالدۇردى.

يەنە بىر تەرەپتىن، ماۋ زېدۇڭ خىزمەتتە تيەن جيايىڭنى ئېتىبارلاپ ئىشلەتسىمۇ، تۇرمۇشتا كۆڭۈل بۆلسىمۇ، ئەمما ئۆزىنىڭ ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭغا يۇقىرى دەرىجىلىك خىزمەت بەرمىگەنىدى. 1961 - يىلى تيەن جيايىڭنى مەركىزىي كومىتېت ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلەش توغرىسىدىكى تەكلىپنى دېڭ شياۋپىڭ بىلەن ياڭ شاڭكۇن بەرگەنىدى.

باشقا ھەر قانداق كىشىلەرگە ئوخشاش، تيەن جيايىڭدىمۇ ئاجىزلىق ۋە كەمچىلىكلەر بار ئىدى. ئىشى ئوڭۇشلۇق بولغان چاغلاردا ئاسانلا مەغرۇرلىناتتى؛ ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا بولسا، كۆپىنچە، روھسىزلىناتتى. ئۆزى نازۇك مىجەز بولۇپ، ئوڭۇشسىزلىقلارغا بەرداشلىق بېرەلمەيتتى، ئۇنىڭدا سەۋرچانلىق كەم ئىدى. ئۇنىڭ كەمچىلىكلىرى ئارتۇقچىلىقلىرىنى ھەرگىز يېپىپ كېتەلمەيدۇ. تيەن جيايىڭنىڭ بۇ ئاجىزلىق ۋە كەمچىلىكلىرى بولسىمۇ، ئۇ بەرىبىر تېپىلغۇسىز مۇنەۋۋەر كوممۇنىزم جەڭچىسى ئىدى.

تيەن جيايىڭ ئۇزاق مۇددەت ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ چېنىقتۇرۇشى ۋە تەربىيىسىگە ئىگە بولغان ۋە ئۇزاق مۇددەت ماۋ زېدۇڭنىڭ يېنىدا ئىشلىگەن بولۇپ، ماۋ زېدۇڭغا چوڭقۇر مۇھەببىتى بار ئىدى. لېكىن كېيىنكى چاغلاردا ماۋ زېدۇڭنىڭ «سول»چىل ئىدىيىسى ۋە سىياسىتىنى بارغانسېرى ياقتۇرمايدىغان بولدى، ماۋ زېدۇڭمۇ ئۇنىڭدىن بارغانسېرى يىراقلاشتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدا زىددىيەتلىك روھىي ھالەت شەكىللەندى. بۇ ھال 1963 - يىلدىن كېيىن ئۇنىڭ ماڭا دائىم دەيدىغان مۇنۇ گەپلىرىدە ئىپادىلىنەتتى، ئۇ مۇنداق دەيتتى: «جۇشىنىڭ مېنىڭدىن پايدىلانماقچى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ قالدىم، لېكىن مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا، كۆڭلەرنىڭ بىردە ئايرىلىپ كېتىشىمىز مۇمكىن».

ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدىكى خاتالىقلىرى ئۇنىڭ تيەن جيايىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. تيەن جيايىڭ ئۇنىڭغا ئون نەچچە يىل سەمىمىيەتلىك بىلەن ئىشلەپ خىزمەت قىلغانىدى، ئوخشاش بولمىغان پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى ئۈچۈن، ماۋ زېدۇڭ ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىپ ھەتتا ئەينى زاماندىكى پۇتكۇل پارتىيە ئىچىدىكى كۆرەشكە

باغلاپ، شۇنىڭ بىلەن تيەن جايىڭغا سوغۇق قارايدىغان، ھەتتا پۈتۈنلەي ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قالدى. مېنىڭچە، بۇ ئادالەتسىزلىك ئىدى. تيەن جايىڭنىڭ ھەمىشە ماڭا دەيدىغان ھېلىقى سۆزى بۇ بەختسىزلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىكەن. ئۇ ئاخىرى بېرىپ پەۋقۇلئاددە ۋە مۇرەككەپ ئەھۋال ئاستىدا — پارتىيە ئىچىدىكى يامان ئادەملەر پارتىيىنىڭ بىر قىسىم ئالىي ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىپ ھەمدە ماۋ زېدۇڭنىڭ خاتالىقلىرىدىن پايدىلىنىپ كېتىۋاتقان ئەھۋالدا، ماۋ زېدۇڭدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولدى. بۇمۇ بىر تارىخىي پاجىئە بولدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، ماۋ زېدۇڭ باشقىلارغا: تيەن جايىڭدا مەسىلە يوق، دېگەن. ماۋ زېدۇڭ بۇ گەپنى قىلغان چاغدا ئۇنىڭ ھېسسىياتى قانداق بولغانىدىكىن؟ بۇ ئۇنىڭ پۇشايمان قىلغىنىمىدۇ؟ تيەن جايىڭنى ئەسلىگىنىمىدۇ؟ تيەن جايىڭغا باشقىدىن باھا بەرگىنىمىدۇ؟...

ماۋ زېدۇڭ ئۆزىنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا خاتالاشقان، جۈملىدىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نى قوزغاشتەك ئېغىر خاتالىقنى ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ پۈتكۈل ئۆمرىدىن قارىغاندا، ئۇ يەنىلا ئۇلۇغ ماركسىزمچى، ئۇلۇغ ئىنقىلابچى، سىياسىي ئەرباب ئىدى. ئۇنىڭ جۇڭگو ئىنقىلابىي تارىخىدا ئوينىغان رولىنى ھېچنېمىگە تەڭلەشتۈرگىلى بولمايدۇ. ئۇ جۇڭگو خەلقىنىڭ نەزەرىدە يۈكسەك ئابرويغا ئىگە ئىدى. ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى، شۈبھىسىزكى، ماركسىزم - لېنىنىزم نەزەرىيىسىنىڭ جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلىدۇر، ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئېغىر خاتالىقلارنى ئۆتكۈزگەنلىكى دەل ئۇنىڭ ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىدىن ئىبارەت ئىلمىي قائىدە ۋە ئۆزى ئەزەلدىن تەشەببۇس قىلىپ كەلگەن دېموكراتىك ئىستىلىدىن چەتنەپ، خام خىيال ۋە ئۆز بېشىمچىلىققا بېرىلىپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. تيەن جايىڭنىڭ خىزمەتتە بەزى نەتىجىلەرگە ئېرىشكەنلىكى ئۆزىنىڭ ئالاھىدە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىدىن بولسا، تۈپ جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىگە سادىق بولۇپ، ماۋ زېدۇڭنىڭ تەلىم - تەربىيىسى ۋە يوليورۇقىنى توغرا ئىجرا قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى.

1989 - يىل 7 - ئايدا يېزىلىپ پۈتتى (تۈگىدى)

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېت ھۆججەت تەتقىقات ئىشخانىسى)

(رەقىب ۋاھاپ تەرجىمىسى)

(بېشى 10 - بەتتە)

ھۆددىگە ئېلىپ باشقۇرۇش، كارخانا باشقۇرۇش، مالىيە باشقۇرۇش ۋە كوللېكتىپ مەبلەغ جۇغلاش قاتارلىق تۈزۈملەر قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. مالىيە ئىشلىرى قالايمىقان كەنتلەردە ئېنىقلاش، تەرتىپكە سېلىشنى چىڭ تۇتۇش ھەم مۇناسىپ تۈزۈم ئورنىتىپ، خىيانەت قىلىش، ئىشلىتىۋېلىش ۋە ئىسراپ قىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

(4) يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش كېرەك. ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت كەنتتىكى ئاساسلىق كادىرلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشنى نۇقتىلىق ياخشى تۇتۇشى، ۋىلايەتلىك (شەھەرلىك) پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر يېزا - بازارلارنىڭ ئاساسلىق كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈشنى نۇقتىلىق ياخشى تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي سەۋىيىسى ۋە ئىلمىي باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشى، ئاممىۋى خىزمەت ئىشلەش ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشى كېرەك. ئالاقىدار تارماقلار ۋە تەشكىلاتلارمۇ ئۆز سىستېمىسىدىكى يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى پىلانلىق تەربىيىلىشى لازىم.

ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار، ھۆكۈمەتلەر يېزا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ ۋە قوغداپ، ھەر ساھە، ھەر كەسىپلەرنى يېزا ئىگىلىكىگە داۋاملىق مەدەت بېرىشكە ئۈندەشتۈرۈپ، سىياسەت - تەدبىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، يېزا ئىگىلىكىدە يېڭى غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە يېزا خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىشى لازىم.



▲ تېمىسىز



▲ ماتېرىيال ئىشلىتىش



▲ پارتىيە دەرسى ئاڭلاش




▲ سېھىرگەرلىك




▲ خالىغىنىچە ئۆزگەرتىش

⇦ جىرىيە ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ كادىرى، كومپارتىيە ئەزاسى ئىمىن بارات كۈچلۈك پارتىيىۋىلىكنى ۋە ج خ كادىرلىرىدا بولۇشقا تېگىشلىك پىداكارلىق روھنى جارى قىلدۇرۇپ، بىجانىدىل ئىشلەپ، زور تۆھپە قوشۇپ، 1989 - يىل 12 - ئايدا جۇڭگو خەلق جۇمھۇرىيىتى ج خ مىنىستىرلىكىنىڭ 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دېگەن شەرەپ مېدالىغا ئېرىشتى.

تۇختى روزى قۇربان خەۋىرى ۋە فوتوسى



⇦ كېرىيە ناھىيە ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش تارماق ئەترىتىدىكى كومپارتىيە ئەزاسى، ياردەمچى ئاگرونوم قۇۋانخان خىزمەتكە قاتناشقان 27 يىلدىن بۇيان، ئۆز كەسپىنى قىزغىن سۆيۈپ، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ ئىشلەپ، ئېتىز بېشىدا خۇددى پەرۋانىدەك ئايلىنىپ، مول - ھوسۇل ئېلىشقا جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرگەنلىكى ئۈچۈن، كىشىلەر ئەربابدىن ۋەقىندارلىق ئايال، دەپ ئەربىلىنىپ كەلمەكتە.

جاڭ يۈگجىڭ خەۋىرى ۋە فوتوسى



⇦ بايىنغولىن ئوبلاستلىق ئاپتوموبىل ترانسپورت 1 - شىركىتى پارتكومى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ يېڭى دەۋردىكى لاياقەتلىك پارتىيە ئەزاسى بولۇش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، يېقىندا ئۆت قارار پارتىيە ئەزالىرىنى نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى، 1985 - يىلدىن كېيىن پارتىيىگە كىرگەن 67 نەپەر پارتىيە ئەزاسىنى پارتىيىنىڭ ئاساسى بىلىملىرى، پارتىيە نىزامنامىسى، پارتىيىنىڭ خاراكتېرى، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ بۇرچى، ھوقۇق مەجبۇرىيىتى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ شەرتى قاتارلىق نەزەرىيە بىلىملىرى بىلەن تەربىيىلىدى.

پەرھات مۇھەممەتئوشۇرى خەۋىرى ۋە فوتوسى




مۇقاۋىنىڭ 1 - بېتىدە: تۈنجى قار

جياۋ جۈنتەن فوتوسى